سەئدى

# بوستان

تەرجىمە قىلغۇچى: قۇربان بارات
مەسئۇل مۇھەررىرى: غوجەك خۇداۋەردى
مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھاجى

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

# بوستان

•

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش كوچا 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم 32 كەسلەم. باسما تاۋاق: 5.5
سانى: 1—50·300
كىتاب نومۇرى: M10124·72 باھاسى: 43 پۇڭ

# نەشرىياتتىن

پارس خەلقىنىڭ 13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى سەئدى (تولۇق ئىسمى — شەيخ مۇسلىھەددىن سەئدى شىرازى) نىڭ «بوستان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى پارس كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىقلاردىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جاھان مەدەنىيەت غەزنىسىدە پەخىرلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شېئىرى ھېكايىلەردىن تۈزۈلگەن 10 باپلىق بۇ نادىر ئەسەردە ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرى — پىكىر - تەدبىر، شەپقەت - ئادالەت، سېخىلىق، قانائەت، خەيرى - ئىھسان، مېھرى - مۇھەببەت، مەرتلىك، ساداقەت، خەلقپەرۋەرلىك ۋە باشقا ئالىجاناپ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتلەر يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ جاھالەت، زالىملىق، ئاچكوزلۇك، ئالدامچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق يىرگىنىشلىك ئىللەتلەر كەسكىن تەنقىت قىلىنغان.

بۇ كىتاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان دولەت بەدىي ئەدەبىيات نەشرىياتىنىڭ 1960 - يىلدىكى ئۆزبېكچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# مۇندەرىجە

## كىتاپنىڭ يېزىلىش سەۋەبى

بىرىنچى باپ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى ئادىللىق
ۋە توغرا پىكىر قىلىش توغرىسىدا...... 4
ئىككىنچى باپ ئېھسان توغرىسىدا.................. 64
ئۈچىنچى باپ مۇھەببەت توغرىسىدا.................. 87
تۆتىنچى باپ كەمتەرلىك توغرىسىدا.................. 94
بەشىنچى باپ رازىلىق توغرىسىدا.................. 107
ئالتىنچى باپ قانائەت توغرىسىدا.................. 113
يەتتىنچى باپ تەربىيەت توغرىسىدا.................. 121
سەككىزىنچى باپ شۈكرى ۋە ئامانلىق توغرىسىدا......... 145
توققۇزىنچى باپ تەۋبە توغرىسىدا.................. 157

## كىتاپنىڭ يېزىلىش سەۋەبى

ئۇزۇن زامان كېزىپ يۈردۈم جاھاننى،
ئارىلاشتىم تۈرلۈك ئادەم ئەلىگە.
قانچە - قانچە خامانلاردىن نەپ ئالدىم،
جاھان كېزىپ ئۈگە بولدۇم بەھرىگە.
ھېچقەيەردە كورمىدىم مەن شېرازدەك،
ئادىمى خىل، مېھرى ئىسسىق يۈرتۈمنى.
تازا ئۇلكەم خىيالىمدىن كوتەردى،
ئۇزگىلەرنى — شام ئېلىنى ۋە رۇمنى.
دوستلىرىمغا سوغا - سالام ئويلىدىم،
جاھان ئارا بوستانلارنى كەزگەندە.
قەن بولىدۇ كەلگۈچىدە مىسىردىن،
يېقىنلىرى شات بولىدۇ بەرگەندە.
مەندە گەرچە بولمىسىمۇ قەن - گىزەك،
سوز ئەكەلدىم، شېكەر تامار مەندىنمۇ.
ئۇ قەن ئەمەس ئەللەر شوراپ يەيدىغان،
ئەمما تەمى ئېشىپ چۈشەر قەندىنمۇ.
ئىقبال قەسرى بىنا قىلدىم بۇ سوزدە،

ئىشەنمىسەڭ پاكلىقىغا سۆزۈمنىڭ.
ياخشىلىق قىل، پىنھان بولسۇن گۇنايىم.
قىلمىشىمغا ئىپتىخار يوق دىلىمدا.
ئارزۇ بىلەن قانات يايدى خىيالىم.
بىرەر بېيىت ياراپ قالسا كۆپايە.
مەردانە بول، تەنە قىلما سەن ماڭا.
شېئىرىمنىڭ قىممىتىدۇر خوتەندە —
خۇددى خوتەن ئىپارىدەك كەم باھا
ئەيىپلىرىم پەردىلەندى، سادايىم —
ئاڭلانغاچقا نەي ئۈنىدەك يىراقتىن.
گۈلۈستانغا گۈل كەلتۈردۈم بۇ قېتىم،
بول بەھرىمەن بۇ گۈل چاچقان پۇراقتىن.
ئېلىپ كەلدىم ھىندىستاندىن مۇچ ياكى،
ئۈنىڭ گوشتى يۇمشاق خۇددى خورمىدەك.
ئۈرۈقچىنى چاقساڭ مېغىزى چىقىدۇ،
تەمى شېرىن تىللىرىڭنى يارغۇدەك.
خوشامەتكى - بولدى ماڭا يات خىسلەت،
مەدھىيىلەشنى خالىمىدىم شاھلارنى.
پالانچىگە بېغىشلىدىم دىمىدىم،
مېھنەت بىلەن تۈزۈپ چىققان باپلارنى.
چۇشەنگەنلەر دىگەي: سەئدى شان تاپتى،
سەئد ئوغلى بۇبەكرىدۇر بۇندا خان.
دەرت - ئەلەملەر قىينىمىدى شائىرنى،
يەكۆلپەتتە ئىلاجىسىز قالمىغان.
ئايا سەئدى، ماختىنىشنى توختاتقىن،
ساداقەتنى ئايان قىلغىن خىزمەتتە.

ئۆرن ئىشلك بار تەربىيەتكە دالالەت.
بىرى ئۆزنىڭ پىكىر بىلەن تەدبىرلەر،
ئەلگە قىلماق شەپقەت بىلەن ئادالەت.
ساۋاپ ئىزلەپ سەخىلىكتە، شۈكرىگە.
ئىككىنچى باپ بايان بولدى ئىھساندىن.
ئۈچىنچىسى مۇھەببەتتۇر سەممى،
سوز بارمايدۇ مەجبۇرلانغان ئىنساندىن.
توتىنچى باپ خۇلقى - مىجەز توغرىلىق،
بەشىنچى باپ رىزالىقنىڭ بايانى.
ئالتىنچى باپ بولۇپ چىقتى تەپسىلات —
قانائەتلىك مەرد قەلبىنىڭ ئايانى.
يەتتىنچى باپ تەربىيەتتىن سوزلەيدۇ،
سەككىزىنچى تىنچلىقنى قىلار ياد.
توققۇزىنچى بابى تۇۋە توغرىلىق،
ئۇنىنچىسى ئاخىرقى باپ — مۇناجات.
يازغىنىمدا سائادەتلىك يىل ئىدى،
ئىككى ھىيت ئارىلىغى دەلمۇ - دەل.
سانا ئىدى ئالتە يۈزۈ ئەللىك بەش،
غەزىنەمگە دۇرلار تولدى چاقناپ ھەل.

× ×

سالغىن قۇلاق دانا كىشى — ھۇنەرمەن،
ئىشىڭ ئەمەس ئىزلەش ھۇنەر ئەيۋىنى.
گاھى شايى، گاھ بەقەسەم توقۇيسەن،
چۇشۇرسىمۇ گەر پاختىنىڭ نەرقىنى.

ئەل رەنجىسە قۇرۇپ قالار يىلتىزلىق.
پاك بول ئەگەر ياخشى يولنى ئىزلىسەڭ،
ياخشى ئۈمەت بولسۇن يوروق يۇلتۇزۇڭ.
پادىشادا تەدبىر بىلەن دىت بولسا —
بۇلار ئۇندا ئۈمەت بىلەن ئىھتىيات.
پاناھىدا كۈنۈڭ ئۆتەر بەختەر،
پادىشايلىق قىلسا شۇنداق ئىجتىھات.
مۇنداق شاھلار زىيان سالماس خەلققە،
بىلەر ئۇلار ئاپەت كېلەر زۇلۇمدىن.
پادىشادا بولمىغاندا بۇ خىسلەت،
ئەلنىڭ كۈنى يامان بولار ئۇلۇمدىن.
مۇنداق ئەلدە راھەت كۆرمەس ھېچكىمۇ،
تاپالمايسەن ئۇندىن ھەرگىز ئاۋاتلىق.
ئەلنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمىسە شاھدىن،
تاشتىن قاتتىق بولۇپ قالار ھاياتلىق.
ئەلنىڭ كۆڭلى خاراپ بولغاچ شاھلاردىن،
چۆشلىردىگە كىرەر پەقەت ئاۋاتلىق.
يامانلىقمۇ كېلەر پەقەت زۇلۇمدىن،
مەملىكەتنى قاپلاپ كېتەر خاراپلىق.
بۇنى ئوبدان چۈشىنىدۇ ئۇلۇغلار،
زىيان سالار ئەلنىڭ زۇلۇم كۆرمىگى.
ئاۋام خەلق كۈچ - قۇدرىتى دۆلەتنىڭ،
پەقەت شۇلار مەملىكەتنىڭ تۈۋرۈكى.
ئىش ئاۋۇيدۇ تويۇپ يىسە مەدىكار،
سەن دېخانغا ياردەم كۆرسەت، قىل كۆمەك.

شاھ — يولاۋچى، سەن يوللارنى بىلگۈچى،
چىن سۆزلەرنى قىلغۇچى سەن ئەلۋەتتە.
نېمە ھاجەت دېمەك قىزىل يولۋاسقا،
توققۇز ئاسمان ئاياقلىرىڭ ئاستىدا.
دېگەن ئاگا: ئاسمانلارنى دەسسىمە،
بەلكى يەرگە يۈزۈڭنى سۈر ۋاقتىدا.

## بىرىنچى باپ

### مەملىكەتنى ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرى، ئادىللىق ۋە توغرا پىكىر قىلىش توغرىسىدا

بۇ سۆزلەرنى دېگەن ئىكەن ھورمۇزغا،
نوشىراۋان كېتەر پەيتتە جاھاندىن.
غېرىبلارنىڭ كۆڭلىنى ئال ھەمىشە،
ھەرگىز راھەت كۆزلىمىگىن زاماندىن.
سەن راھەتنى ھەۋەس قىلساڭ مۇبادا،
تىنچىمايدۇ قول ئاستىڭدا ئۇلكىلەر.
ئەقلى بارلار خوپ كۆرمەيدۇ ھېچقاچان،
قويچى يېتىپ، يىنە قويىنى بۆرىلەر.
مۇھتاجلارنى چىقار دائىم ھاجەتتىن،
تاجنى شۇلار كىيگۈزىدۇ شاھلارغا.
شاھلار — دەرەخ، خەلق بولسا يىلتىزى،
يىلتىز ھايات بېرەر ئۈسكەن شاخلارغا.
ئەل كۆڭلىنى رەنجىتمىگىن ھېچ ئۇغلۇم،

ئەلنى تالاپ خەزىنەڭنى توشقۇزغان.
خۇداغىمۇ يېتەر زالىم دەستىدە،
ئەل قەلبىدىن كوتىرىلگەن دات - پىغان.
ئەلگە ئازاپ سالغۇچى ئۇ پەسكەشلەر،
مال - مۈلۈككە تويماي ئۇتەر ئەبدى.
يامانلىقتىن قول ئۈزمەيدۇ زوراۋان،
ياغار ئەلنىڭ لەنەت بىلەن نەپرىتى.
پايدىلىقتۇر ياخشىلارغا يان بەرمەك،
زىيان بولار سۈكۈت قىلماق يامانغا.
زالىملارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقىن.
رەھىم قىلما ئەلگە زۇلۇم سالغانغا.
زالىملارغا بەرمىگىن ھېچ ئامانلىق،
تېرىسىنى تەتۈر قىلىپ شىلگىن ھەم.
كەسكىن ئاۋال بورىلەرنىڭ بېشىنى،
قوينى تامام يەپ بولۇشتىن مۇقەددەم.
بىرەر جاينىڭ نامى چىقسا يامان دەپ،
چىچەن ئادەم ئاڭا قەدەم قويمايدۇ.
مۇساپىرنى ھورمەتلىگىن، ياخشى كۈت،
ئۇز يۇرتىدا سېنى ياخشى ئويلايدۇ.
مۇساپىرنى ياخشى كورسە ئۇلۇغلار،
ياخشى نامى تارقىلىدۇ جاھانغا.
قايسى جايدا ئەگەر غېرىپ خورلانسا،
ئايلىنىدۇ شۇ جاي خاراپ ماكانغا.
سەن ئۇزۇڭنى سەيياھلارغا يېقىن تۇت،
ئۇلار بىلەن نامىڭ تارقار ھەر قاياق.
مېھمان بىلەن مۇساپىرغا يار بولغىن،

قىلما ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق،
مەرتلىك ئەمەس ئاڭا زەرەر كەلتۈرمەك.

× ×

شاھى خىسراۋ شىرويەگە دەپتىكەن،
ئاغرىپ ئۆلۈم ياستۇقىغا قويۇپ باش:
ھەممە ۋاقىت نەزەردە تۇت خەلقنى،
بولسۇن ئىشىڭ ئەل ئىشىنى ياخشىلاش.
قاچما ھەرگىز ئادالەتلىك تەدبىردىن،
شۇندا ئەلنىڭ رىشتى ساڭا باغلىنار.
زومىگەردىن قاچار ھامان ئادەملەر،
ئارقىسىدىن شىكايەتلەر تارقىلار.
خانۇ - ۋەيران بولار ئاخىر ئۆزىمۇ،
ئەلگە زىيان سالسا كىمكى مۇبادا.
بىلگىن ئوغلۇم، تۇل ئايالنىڭ ئاھىدەك،
ئۆتكۈر قىلىچ بولمايدۇ بۇ دۇنيادا.
بىر تۇل ئايال چىراق ياقسا كوپىنچە،
شەھەر بويلاپ تارقىلار ئوت ئاپتى.
قىلسا كىمكى ئىنساپ بىلەن خاقانلىق،
مەنسۇپ بولار ئاڭا جاھان راھتى.
نوۋەت يېتىپ ئۆلۈپ كەتسە ئاۋام ئەل،
ئۇنى خۇدا رەھمىتى دەپ يادلايدۇ.
يامانلارمۇ، ياخشىلارمۇ ئۆتۈشەر،
ياخشىلارنى ئەسلەپ خەلق ماختايدۇ.
ساڭا ياران بولالمايدۇ قان يالاپ،

مەكرى قىلسا ھەر بالانى تاپىدۇ.
قول يېرىشىپ، تىللىرىنى بىر قىلىپ،
بىر - بىرىنىڭ ئەيىۋىنى ياپىدۇ.
ئەگەر ئوغرى خەۋپلەنسە ئۆزئارا،
ئۆز يولىدىن تىنىچ ئۆتەر كارۋانلار.
سەن بوشاشساڭ، كۈچەپ قالار دۈشمىنىڭ،
غەزەپلەنسەڭ، چېكىنىدۇ شۇئانلا.
بولسۇن سەندە غەزەپمۇ ۋە شەپقەتمۇ،
تىۋىپلاردا بولار مەلھەم ھەم نەشتەر.
بولغىن سېخى، خۇش مىجەزلىك، مەردانە،
ھەق يولى شۇ: غېرىپلارغا سال نەزەر.
باقى ئەمەس ئادەم ئۆمرى دۇنيادا،
قالار پەقەت ياخشى ئىشى ۋە نامى.
قالار قازغان كولچەكلىرى، كۆۋرۈكلەر،
جاپا بىلەن سالغان ھويلا - ئارامى.
ئۆلگىنىدە قالمىسا ھېچ نام - نىشان،
مۆۋىسى يوق دەرەخ بولار مۇنداق جان.
ئەرزىمەيدۇ ساڭا رەھمەت دېيىشمۇ،
ياخشى ئىشلار قالمىسا گەر ئارقىڭدا.
ئېتىم ئۆچمەي ئۆتەي دېسەڭ جاھاندىن،
ئۇلۇغلارنى تۇتقىن دائىم يادىڭدا.

× ×

ئۆتۈپ كەتكەن زامانلارغا سال نەزەر،
ئۆتتى شاھلار، ۋەيران بولدى تاج - تەختلەر.

بولغىن پەقەت ساختىلاردىن ھوشيارراق.
ناتونۇشتىن ھەزەر قىلغان ياخشىدۇر،
ياۋمۇ دوستتەك كورۇنىدۇ بەزىدە.
ئىززەت قىلغىن قەدىردانىڭ بولسا كىم،
ھىلە - مىكىر بولماس ئۇنىڭ قەلبىدە.
ئۇزاق خىزمەت قىلسا كىمكى، قەدىرلە،
ئۇنتۇپ قالما، توغرا ئۇتمە ئالدىدىن.
ماغدۇرىدىن كەتسە قېرىپ مۇبادا،
ياخشىلىق قىل، خەۋەر ئالغىن ھالىدىن.
ئاڭلىدىمكى، خىسراۋ زۇلۇم سالغاندا،
شاپۇر يەنە قىپتۇ سەۋرى - ئىتاھەت.
ھالى يامان كۇنگە چۇشۇپ قالسىمۇ،
ئۇ خىسراۋغا دەپتۇ مۇنداق ھىكايەت:
ئەي ئادىل شاھ! مەن جاھاندا قالماسمەن،
سەن قالارسەن قىلساڭ ئەگەر پەزىلەت.
يىگىتلىكىم سەرپ بولدى يولۇڭدا،
يامان كۇنگە قالدىم قېرىپ ئاقىۋەت.
ئۇنداق قىلما، يول قويمىغىن ئىنىۋاغا،
قىينىمىغىن ھەرگىز قېرىپ ئىنسانىنى.
قوشلاپ ئازار بەرمىسەڭمۇ سەن ئاگا،
يامان پەيلى جازالايدۇ ئۇ جانىنى.
غەزىنىچى قىلسا ساگا خىيانەت،
تەكشۈرۈشكە نازارەتچى توختاتقىن.
بىللە بولۇپ ئالسا ئەگەر ئىككىسى،
رەھىم قىلماي خىزمىتىدىن بوشاتقىن.
ئىككىسىنى بىللە قويساڭ كوپ خاتا،

ئىلىم - بىلىم تۇپلىغانىكەن ئايلىنىپ،
ئەرەپ، تۈرك، رۇم قاتارلىق ئەللەرنى.
كۆپنى كۆرۈپ، كۆپ ئىشلارنى بىلىپتۇ،
سەپەرلەردە بوپتۇ تالاي سوھبەتتە.
چوڭ دەرەختەك يۈكسەك ئىكەن گەۋدىسى،
بىراق ئۆمرى ئۆتكەن ئىكەن كۈلپەتتە.
ئۇ دېڭىزدىن چىقىپ كىردى شەھەرگە،
شەھەر شاھى ئىدى ئادىل، ئىناپلىق.
نىيەتلىرى خالىس ئىدى، كۆڭلى پاك،
ئىش قىلاتتى غېرىپلارغا ساۋاپلىق.
پادىشانىڭ خادىملىرى مېھماننى،
كۈتۈۋالدى، يۇيۇندۇردى ھاممامدا.
ئوردا تامان تازىم بىلەن كىردى ئۇ،
پادىشاغا بولدى سائەت - سالامدا.
دېدى قويۇپ قوللىرىنى كۆكسىگە:
دولەت، بەخت ئايرىلمىسۇن سەن شاھتىن.
شاھ دېدىكى: نىمىلەرنى بىلۈرسەن؟
كىم بولىسەن؟ كەلدىڭ ئۇزۇك قاياقتىن؟
نىمىلەرنى كۆردۈڭ مېھمان شەھىرىمدە،
ئايىماستىن سوزلە ياخشى - يامانىنى.
مېھمان دېدى: ئەي شاھ بوپسەن باشپانا،
خۇدا ئېزىز قىپتۇ بۇندا ھەر جاننى.
مەچىقەيەردە كۆرمىگەن مەن مۇنداق يۇرت،
ئادەملىرى خۇش مىجەزلىك، شات ئىكەن.
مەيخانىلار خاراپلاشقان؛ پۇقراغا —
ئەلەڭ - سەلەڭ مەس يۇرۇشلەر يات ئىكەن.

ئۇلار ئۆتتى، قالدى يەنە كونا ساز،
قالدى ئاشۇ نەغمە - ناۋا، ئىشرەتلەر.
بەزىسىدىن مەڭگۈ ياخشى نام قالدى،
بەزىلىرى زالىم دېگەن نام ئالدى.

× ×

سالما قۇلاق سەن غەرەزلىك كىشىگە،
سۆزلەپ قالسا نىيىتىنى ئويلاپ بىل.
تۈنجى گۇنا ئۇقماسلىقتىن بولىدۇ،
ئۆزرە ئېيتىپ قالسا ئۇنى ئەپۇ قىل.
گۇناھىغا تۆۋە قىلسا كۇپايە،
ئۆلتۈرمىگىن، ئامانلىق بەر ئۇ جانغا.
نەسىھەت قىل، نەسىھەتكە كونمىسە،
جازالىغىن، تاشلا ئۇنى زىندانغا.
بۇ گۇناھكار تۈزەلمىسە شۇندىمۇ،
يىلتىزىنى قۇرۇت ئۇنىڭ ئەبەتكە.
ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىما، سولاپ كور،
كېسىلگەن باش ئۇلانمايدۇ جەسەتكە.
كەلگەندىمۇ گۇناھكارغا ئاچچىقىڭ،
سەۋرى قىلغىن، ئوت ئالمىسۇن ھاياجان.
ئوگاي سۆنار بەدەخشانىنىڭ لەيلىسى،
سۆندى بولدى، پۈتۈن بولماس ھېچقاچان.

### ھىكايەت

بىر ئىنسانكى چىقىپ كەلدى دېگىزدىن،
كەزگەن ئىكەن ياياق تالاي چوللەرنى.

ئۇستا ناتىق، پاراسەتلىك كىشىكەن،
بىلمىدىكەن ياخشى بىلەن يامانىنى.
شەھەر شاھى ئۇلۇغلاردىن چوڭ بىلىپ،
ئۇلۇغ قىل ۋەزىر قىلىپ قويدى مېھمانىنى.
ئۇ كىشىمۇ مەرتىۋەتلىك ئىش كوردى،
ھوكمى قايىل قىلدى ئەھلى زامانىنى.
مەملىكەتنى قىلدى ياخشى ئىدارە،
خەلق زۇلۇم كورمەي ئۆتتى بىمالال.
ئاقماس بولدى غەرەزلىكلەر سوزلىرى،
ئاچالمىدى ئېغىز، تىلى بولدى لال.
ئەل نۇرلاندى، يورۇق يۇرتقا ئايلاندى،
كونا ۋەزىر ئەلەم بىلەن داغلاندى.

ئۇزىنىڭ ئەقلى - ھوشى بىلەن ۋەزىرلىك مەنسۇپىگە ئېرىشكەن بۇ كىشىگە كونا ۋەزىر ھەسەت قىلدى، پادىشا ھوزۇرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كورەلمەي، ئۇنىڭغا دۇشمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. ئىشلىرىدىن بىرەر نۇقسان تاپالماي، ئىلاجسىز قېلىپ، ئۇنىڭغا قىلىنمىغان گۇنالارنى دوڭگەپ توھمەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۇستىدىن پادىشاغا چېقىمچىلىق قىلدى:

جاھانكەشتە ئادەم ئەدەپ بىلمەيدۇ،
مال - دۇنياغا لايىق ئەمەس سەيياھلار.
داغ تەككۈزەر پادىشانىڭ شەنىگە،
نىيەتلىرى بۇزۇق مۇنداق سايىاقلار.
ئونۇتسامدىم پادىشانىڭ تۇزىنى،
كوز يۇماتتىم خىيانەتنى كورگەندە.

شەھەر شاھى رەنجىتمەپتۇ ئېلىنى،
دېدى مېھمان ياخشىلىقتىن سوز ئاچتى.
سوزلىرىدىن چاقناپ كەتتى گوھەرلەر،
مەرھەمەتلىك شاھمۇ ئاڭا زەر چاچتى.
ماقۇل كوردى سوزلىرىنى ئادىل شاھ،
ھورمەت قىلىپ ئورۇن بەردى يېنىدىن.
مىننەتدارلىق ئىزھار قىلىپ سوزىگە،
سوراپ قالدى: ئوزەڭ كىملەر ئەھلىدىن؟
كەچمىشىنى بايان قىلدى ئۇ مېھمان،
شاھ ئالدىدا ئاشتى يەنە ئىززىتى.
شاھ ئوزىچە ئويلار ئىدى، مېھماننى —
ۋەزىر قىلىپ تۇتۇپ قالسام شۇ پەيتى.
ئۇ كوڭلىدە قىلىپ كوردى مەسلىھەت،
بۇ مۇساپىر باپ كېلىشكەن ۋەزىرگە.
لېكىن ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۇستۇرەي،
ئورۇن قويماي كۇلكە بىلەن ھەزىلگە.
سىناپ كورەي ئاۋال ئەقلى، ئىشىنى،
ئۇندىن كېيىن يۇكسەلدەك قىلاي قەدرىنى.
دەرت - ئەلەمدە قويار سىنى كوپ ۋاقىت،
ئۇلۇغلىساڭ ساختىپەزلەر ئەھلىنى.
سەن نىشانغا ئوق ئاتمىغىن ئالدىراپ،
ئاۋال ئۇنى ئالغىن ياخشى مولچالغا.
بىر ئادەمنى سىنىماستىن كوپ ۋاقىت،
ئېرىشمەكلىك قىيىن ئېنىق ئەھۋالغا.
ھەر تەرەپتىن سىناپ كوردى پادىشا،
دېدى ئاخىر، تاپتىم ياخشى ئىنساننى.

بولۇشغا قاردماي ياش يىگىتلەر بىلەن ھەمسوھبەت ۋە ئۇل-
پەت بولۇپ يۇرگىنىنى كورگەن پادىشا ئۇنىڭدىن شۇبھەلىنىش-
كە باشلايدۇ.

كېيىن پەيتى كېلىپ ئاگا دەدى شاھ:
قەدىرلىگىم، قىلدىڭ مېنى خىجالەت.
بىلگەن ئىدىم سېنى ئاقىل ئادەم دەپ،
كورگەن ئىدىم سەندە پاكلىق، دىيانەت.
ھۇشيار، زىرەك كورۇنگەندىڭ سەن ماگا،
لېكىن غۇبار مەۋجۇت ئىكەن دىلىڭدە.
ئەمدى بولدى، لايىق ئەمەس بۇ ماكان،
مەندىن ئوتكەن، خاتالىق يوق سېنىڭدە.
بىر رەزىلنى پانايىمدا ساقلىغاچ،
بولدۇم ئاخىر خىيانەتنىڭ قۇربانى.
جاھانكەشتە كوزلىرىنى چوڭ ئاچتى،
دەدى: ئەيۋىم نىمە جاھان سۇلتانى؟
دىلىم پاكتۇر، ھىچ خاتا يوق مېنىڭدە،
مەن رەزىللىك يولىغىمۇ كىرمىدىم.
قىلمىشلىرىم يول قويمايتتى گۇمانغا،
نىمە قىلدىم، نىمە ئەتتىم؟ بىلمىدىم.
ئاڭلىغانىنى ئېيتتىم ساڭا، — دەدى شاھ،
پاراڭ بولدى، تۇتتى مېنى ھاياجان.
كونا ۋەزىر دەدى ماڭا ئەيىۋىڭنى،
ئۇ توغرىلىق بىلگىنىڭنى قىل بايان.
ئاڭلاپ گەپنى كۇلۇپ قويدى بۇ ۋەزىر:
— نىمە دىسە ئەجەپ ئەمەس ئۇ ئادەم.

گۇمان بىلەن سوزلەش ئەمەس خىسلىتىم،
بايان قىلدىم ئىشنى ئېنىق بىلگەنىدە.
ۋەزىرىڭنى كورۇپ قاپتۇ بىر قۇلۇم،
ئۇزۇق ئىكەن، قۇللار بىلەن بوپتۇ يار.
راست سوزلىدىم، ئاساسىم بار سوزۇمگە،
سىناپ كورگىن، ئوزۇڭدىدۇر ئىختىيار.
يامان بولدى بۇ ئىش ئۇنىڭ شەنىگە،
ياخشى بولماس قويۇپ بەرسەڭ پەيلىگە...
كىچىككىنە نوقسان تاپسا دۇشمىنىڭ،
چېقىپ، شاھنىڭ غەزىۋىنى قوزغايدۇ.
ئوت قويۇشقا بىر تال ئوچقۇن كوپايە،
ئوت توتاشسا دەرەخنىمۇ قويمايدۇ.
بۇ سوز قىلدى پادىشانى دەرغەزەپ،
قايناپ تاشتى پورۇخلىغان قازاندەك.
ئولتۇر ئۇنى دەيتتى ئوندەپ غەزىۋى،
ئەمما سەۋرى توستى يولنى قاپلاندەك.
مەرتلىك ئەمەس ئوز كىشىڭنى ئولتۇرسەڭ،
مۇنداق پەيتتە لازىم ياخشى ئويلانماق.
تەربىيەتكە يەنە ھاجەت قالامدۇ،
ئۇنىڭ ئىشى بولسا ئاخىر توغرالماق.
بىلمىگەندە پەزىلىتى - ھالىنى،
قويماس ئىدىڭ ئۇنى ھەرگىز ئوردىغا.
ئېنىقلىماي، ئوقماي تورۇپ ئەيىۋىنى،
قويما ئۇنى ھەرگىز چېقىم زولىمغا.

پادىشا شەخسەن ئوزى يېڭى ۋەزىرنى كوزىتىپ، ئۇنىڭ ھەركەتلىرىنى نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. يېڭى ۋەزىرنىڭ قېرى

بىراق قەلەم دۇشمىنىمنىڭ ئۆلكىدە.
يىلتىزىنى يۇلدۇم ئۇنىڭ جەننەتتىن،
شۇڭا مېنى تەسۋىر قىلار كۆلكىدە.
ئۆزۈڭ كوردۇڭ، ئەمەس مەن ھېچ كۆلگۈدەك،
لېكىن مېنى سىزىشىدۇ دىۋىدەك.
ۋەزىرىڭنى ئۇسال قىلدى مەرتىۋەم،
شۇڭا پىتنە لازىم بولدى ۋەزىرىڭگە.
گۇناسىزلار بولار سوزدە قەھرىمان،
ئەندىشەم يوق سېنىڭ غەزەپ - قەھرىڭگە.
تارازىسى خاتا بولغان غەللىچى،
نازارەتتىن قورقۇپ يۈرەر ھەمىشە.
خېتىم توغرا، شۇڭا نۇقسان ئىزلەنسە،
قەلىمىمدىن يوقتۇر مەندە ئەندىشە.
قول سىلكىدى ئاڭلاپ كورۈپ پادىشا،
بۇ سوزلەرنى رەت ئەيلىدى شۇ پىتى.
دېدى: ئاڭلاپ كورۈش ئۇچۇن ئوزىنى،
سوز ئۈينىتىش گۇناھكارنىڭ خىسلىتى.
دۇشمىنىڭنىڭ سوزى ماقۇل - يالغاندۇر،
لېكىن شەخسەن كۆزەتكەنمەن ئوزۈڭنى.
بۇ دەرگاھتا غايەت كوپتۇر گۈزەللەر،
ئاشۇلاردىن ئۈزەلمەيسەن كوزۈڭنى.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ كۈلدى مەرت ناتىق،
دېدى: ئاشار راست سوزلىسەڭ ھورمىتىڭ.
كورگىنىڭ راست، لېكىن مۇندا بىر سىر بار،
ئاڭلاپ كورگىن، ئارتۇق بولار دولىتىڭ.
بىلسەڭ كېرەك، كەمبەغەللەر دۇنيادا،

ئۇ ھەسەتچى سىنى ئالداپ كىتىپتۇ،
ۋەزىر بولۇپ ئۆتكەن بۇندا مۇقەررەدەم.
مەنسۇپنى توۋەنلىتىپ قويدۇڭ ـ دە!
ماڭا قىلماي قالارمىدى دۇشمەنلىك؟
ئەگەر شاھلار مەنسەپ بەرسە بىراۋغا،
ئاڭا دۇشمەن چىقمىغىمۇ بىر دەملىك.
ماڭا دوستلۇق قىلارمىدى ئۇ ئادەم؟
مەن ئىززەتتە، خورلۇق بولدى بۇ ئاڭا.
بۇ توغرىلىق مەنىلىك بىر سوز ئېيتاي،
ئەگەر خالاپ قۇلاق سالساڭ سەن ماڭا.

## مسال تەرىقىسىدە ھىكايەت

قاي كىتاپتا كورگەن ئىدىم، ئۇنۇتتۇم،
بىراۋ چۈشىدە كورگەن ئىمىش شەيتاننى.
ئىكەن قەددى شەمشات كەبى، يۈزى ھور،
ھوسىن نۇرى يورۇتارمىش ھەر يانني.
يېقىن بېرىپ دەپتۇ ئاڭا: ئەي شەيتان!
پەرىشتەدىن گۈزەل ئىكەن جامالىڭ.
تولۇن ئاينىڭ سۈرىتى بار ھوسنۇڭدە،
نىمە ئۈچۈن يامان نامۇ ـ ئەمالىڭ؟
سىنى دۇنيا پەس كورىدۇ نىمىشقا،
سۈرەتلىرىڭ سىزىلىدۇ شۇنچە سىت؟
بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ شەيتان بەختسىز،
بىر ئۇھ تارتتى، غەزەپ بىلەن چەكتى دەرت.
دىدى: شەكلىم خۇنۇك ئەمەس ئۇنچىلا،

قول چىشلەيسەن قېلىپ ئاخىر پۇشمانغا.
غەرەزلىكلەر سوزى ھەرگىز سوز ئەمەس،
ئىشەنگەنلەر قالار ئاخىر ئەپسۇس يەپ.
ياخشىلارنىڭ مەنسىۋىنى كوتەرگىن،
غەرەزلىكلەر بىلەر بۇنى جازا دەپ.
دانا ۋەزىر تاپتى يەنە شان - شوھرەت،
خىسلىتىنى ئايان قىلدى دولەتكە.
دەۋران سۈرۈپ، قىلىپ ئەلگە ئېھسانلار،
ئوتتى ياشاپ، نام قالدۇرۇپ ئەبەتكە.
قۇدرەتلىك، بىلىملىك شاھ ھېچقاچان،
غەم يىمەيدۇ توھمەت بىلەن ئىغۋادىن.
پادىشالىق تاجى ھارام بولىدۇ،
خام پىكىرلىك بولۇپ ئوتسە دۇنيادىن.
ئەقىللىقلار بولار ھامان سەۋرىلىك،
نادانلىققا قۇربان قىلماس ئەھدىنى.
جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرماس ھەدىسە،
غەزەپلەنسە تۇتار مەھكەم ئەقلىنى.

× ×

لەشكىرىڭ كوپ، ئوزەڭ باتۇر بولساڭمۇ،
دۇشمىنىڭگە قىلما ھۇجۇم، توكمە قان.
ئاجىز دۇشمەن بىكىنىدۇ قورغانغا،
بىراق جەڭدە ئەل - يۇرت بولار كوپ ۋەيران.

ھەسرەت بىلەن باقار دائىم بايلارغا.
ئۆتۈپ كەتكەن مېنىڭ ئالتۇن ياشلىقىم،
ھەسرىتىم بار ئۆتۈپ كەتكەن چاغلارغا.
ياشلار ھۆسنى - گۈزەللىكنىڭ بايلىرى،
قاراشلىرىم نادامەتتىن ئۇلارغا.
ياشلىقىمدا گۈلدەك ئىدىم ئۆزۈممۇ،
ھۆسنۈم تولۇق ئىدى گۈزەل نۇرلارغا.
مانا ئەمدى تەن مۈكچەيگەن، ساقال ئاق،
پىچىمىدا كەلمەي قالار كېپەنمۇ.
قارا چاچلىق يىگىت ئىدىم مۇقەددەم،
يارىشاتتى قانداق كىيىم كىيسەممۇ.
كۆمۈش غىشتلىق تامغا ئوخشاش ئاغزىمدا،
ئىككى قاتار گوھەرلىرىم جاي ئالغان.
ئەمدى سوزلەپ تۇرغىنىمدا باق ماڭا،
گۈمران بولدى كۆمۈش غىشتلىق بۇ قورغان.
مەن ئۇلارغا قارىمايمەن نىمىشقا،
ئۆتكەن كۈننى ئەسكە ئېلىپ ھەسرەتتە؟
ھېچ دىرەكسىز غايىپ بولدى ياشلىقىم،
بۇ كۈنۈممۇ باقى ئەمەس ئەلۋەتتە.
بۇ تەرتىپتە تىزغاچ ۋەزىر سوزلەرنى،
شاھ دىدىكى، ئىشەنچ تاپتۇق ئەمدى بىز.
ئەرباپلارغا قاراپ ئېيتتى ئۇ كەسكىن:
ئاڭلىغان گەپ بولۇپ چىقتى ئاساسسىز.
ئەقلىم قېچىپ زۇلۇم سالغان بولاتتىم،
ئىشەنگەندە توھمەت بىلەن گۇمانغا.
قول قىلىچقا سوزۇلغاندا ئالدىراپ،

× ×

ھەربى قوشۇن شات بولمىسا شاھىدىن،
مەملىكەتتە بولماس تىنچ - ئامانلىق.
ياۋ ئەكەتسە ئىشىگىنى دىخانىنىڭ،
بولار زۇلۇم ئاڭا سىپلىق سالغانلىق.
شاھ باج ئالسا، دۇشمەن ئالسا ئىشەكنى،
ھەرگىز روناق تاپالمايدۇ تاجۇ - تەخت.
تۇرلۇك - تۇمەن مىۋە بىرەر ئۇز خەلقىڭ،
پەرۋىش قىلساڭ ئۇستۇرگەنىدەك دەل - دەرەخت.
مىۋىنىمۇ، يىلتىزىنىمۇ قۇرۇتما،
ئاقىۋەتتە يەپ قالىسەن پۇشايمان.
توخۇ يىسە چۇمۇلىنىڭ رىسقىنى —
ياخشى ئەمەس، چۇمۇلىلەر بىرەر جان.
پۇقرالارغا زۇلۇم سالماي ئۇتكەنىنىڭ،
كۇڭلى پۇتۇن، كۇنى ئۇتەر راھەتتە.
خەلقىڭ قىلىپ نامراتلىقتا، چەكسە ئاھ،
بۇ خىل ئاھتىن قورققان ياخشى ئەلۋەتتە.
زىمىن دىسەڭ، قولغا كىرەر سوز بىلەن،
قىلما ئۇرۇش ۋە بىھۇدە توكمە قان.
قان تامچىلاپ چۇشسە ئەگەر زىمىنگە،
ھىچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ بۇ جاھان.

× ×

ئاڭلىدىمكى، ئوۋغا چىقىپ شاھ دارا،
لەشكىرىدىن ئۇزاپ كەتمىش بىر كۇنى.

× ×

زىندانلارنى تەكشۈرۈپ كور، سال نەزەر،
گۇناسىزلار باردۇر بەلكى قانچىلاپ.
بەربات بولسا تامام ئۇۋال ئەمەسمۇ،
ئەللىك ياشقا كىرەرمىدى قايتىلاپ!
نام قالدۇرۇپ يېتىلگەن بۇ ياخشىلار،
قاخشاتمىغان ھەرگىز جاھان ئەھلىنى.
ئاچ قالسىمۇ مەرتلىك بىلەن جان بېرەر،
يىمەس ھەرگىز يېتىملەرنىڭ ھەققىنى.

## ھىكايەت

ئاڭلىدىم، بىر ئادالەتلىك پادىشا،
تون تىكتۈرۈپ كىيگەن ئىكەن ماتادىن.
دەپتۇ بىراۋ: ئەي بەختلىك تاجدار،
شاھانە تون كىيگىن قالماي قاتاردىن.
شاھ دەپتۇكى: شۇ كىيىممۇ كۇپايە،
ھەشەمەتلىك، ئارتۇق بولار ئۇ لىباس.
ھەۋەسلەرگە بولۇپ تۇرار كوڭلۈمدە،
بىراق غەزنە ئەمەس يالغۇز ماڭا خاس.
ئۇ پۇتۇنلەي مەنسۇپ ھەربى قوشۇنغا،
ئەمەس ھەرگىز ياسىنىشقا، ئويۇنغا.

مەن تونۇيمەن باققان بارچە يىلقامنى،
ئۆز يىلقاڭنى بىلگىن سەنمۇ مەن كەبى
نەسىھەتكە سىلىپ قۇلاق شاھ دارا،
دەپتۇ كۈلۈپ: بولاي ماقۇل سەن كەبى...
شۇندىن كېيىن بولۇپ دارا خىجالەت،
دەيتتى: بولماس بۇ نەسىھەت ئۇنتۇلسا.
تاجۇ - تەختكە خەۋپ يېتەر، ئەگەر شاھ،
ئەقىل - پەمدە يىلقىچىدىن كەم بولسا.
ھاۋالاردا ئۇچۇپ ئويناپ يۈرەرسەن،
كوڭۈل بولسەڭ جاپاكەشلەر دادىغا.
كوزۈڭنى ئاچ، تەرك ئەتكىن غەپلەتنى،
قۇلاق سالغىن مەزلۇملارنىڭ ئاھىغا.
ئەل زالىمدىن زۇلۇم كورسە دەۋرىڭدە،
ساڭا بولار بۇ زۇلۇمنىڭ گۇنايى.
يولاۋچىغا ئىبتىلامدۇ يامان ئىت،
كوشكۈرتمىسە ئىگىلىرى، پانايى؟
ئەي سەن سەئدى، سوزگە باتۇر، ھۈنەرۋەن،
قەلەم تىغى شەرەپ تاپسۇن غەلبەڭدىن.
بىلگىنىڭنى ئېيتقىن تامام، ھەق سوزلە،
ئىھتىيات قىل ھىلە بىلەن نەيرەڭدىن.
تەمە قىلساڭ بولار سوزۈڭ بىمەنە،
سەن خالاسكار بولغىن تەمە ئالدىدا.
ئىراق ياقتا بىراۋ بىر سوز ئاڭلاپتۇ،
غېرىپ كىشى دەپتۇ تاغنىڭ باغرىدا:
بولساڭ غەيرى بوسۇغىغا ئۈمىتۋار،
كەلسە بىراۋ ئىشىكىڭگە، قىلما خار.

ئاڭا قاراپ يۈگرەپ كەپتۇ يىلقىچى،
ئويلاپ قاپتۇ گۇمان بىلەن شاھ ئۇنى:
ئىلىشقا كەلگەن دۈشمەن ئوخشايدۇ،
بىر ئوق بىلەن نابۇت قىلاي ئۇزاقتىن.
ئوقياسىنى توغرىلاپتۇ ئۇنىڭغا،
قۇتۇلاي دەپ بىر يولى بۇ توزاقتىن.
— پانايىمىز ئەي شاھ، — دەپتۇ يىلقىچى،
ئىگەم ئۆزى ئامان قىلسۇن ئېلىڭنى.
سالغىن نەزەر، مەن يىلقىچىڭ بولىمەن،
كۆپ يىللاردىن باقتىم مۇندا مېلىڭنى.
شاھنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ شۇدەم ئورنىغا،
دەپتۇ كۈلۈپ: تاماس قالدىڭ ئەي نادان!
پەرىشتەلەر مەدەت قىلدى جېنىڭغا،
ئوق ئۈزۈشكە ئازلا قالدىم، بول ئامان.
بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپ يىلقىچى،
دەپتۇ: شاھىم، قىلاي ساڭا نەسىھەت.
دانالىقتىن ئەمەس بىلمەي ئوق ئېتىش،
ئالدى بىلەن دوست - دۈشمەننى پەرق ئەت.
ئۇلۇغلارغا مۇھىم شەرتتۇر ئىنتايىن،
ئاق - قارىنى، چوڭ - كىچىكنى بىلمەكلىك.
قانداق بولدى ئۆز كىشىڭنى بىلمەسەڭ،
ئۆز يېرىڭدە يۈرەلمەسەڭ يۈرەكلىك؟
مەن ئالدىڭغا كەلدىم ياخشى نىيەتتە،
تونۇيالماي قالدىڭ مېنى گۇماندا.
ماڭا ئەگەر لازىم بولسا قايسى ئات،
ئۇنى تۇتۇپ چىقالايمەن شۇ ئاندا.

تاپالمايسەن ئەمدى مۇنداق گۆھەرنى.
ئاڭلىدىمكى، قۇلاق سالماي ئۇ دانا.
كوز ياش توكۇپ ئېيتقان مۇنۇ سوزلەرنى:
زىبۇ - زىننەت ياراشمايدۇ شاھ ئۆچۈن،
ئەگەر ئېلى زەخمەت چەكسە، بولسا ئاچ.
كوزسىز ئۆزۈك تاقاپ يۈرسەم زىيانسىز،
زىيانلىقتۇر خەلقىم قالسا يالىڭاچ.
ئاپىرىن دەپ ئېيتىش كېرەك، كىمدە - كىم،
ئوز ئېلىنى ساقلاپ قالسا ئاپەتتىن.
ئەل غېمىنى يىگەن مەردۇ - مەردانىلار،
جاپا ئىزلەپ، ۋاز كېچىدۇ راھەتتىن.
شاھ تەختىدە ئارام ئالسا بەھۇزۇر،
ئەلنىڭ بىغەم ئۇخلىشىنى ناتايىن.
شاھ ئۇخلىماي يۈرسە ئەگەر تۈن بويى،
ئەل ئۇخلايدۇ ئارام بىلەن ئېلىپ تىن.
بەش بىيىتكى مۇنداق، ماڭا ياقاتتى،
مەجلىس ئىچرە بىراۋ كويلەۋاتاتتى.

ئۇمرۇم بويى گۈزەل ئوتتى ئۇ كېچە،
گۈزەل يارىم بولغاچ بىللە تاڭغىچە.

ئۇ يېنىمدا ئۇخلار ئىدى پەرىدەك،
دىدىم: قەددىڭ نازۇك سىنىڭ سەرۋىدەك.

ئويغان ئەمدى، كوزۇڭنى ئاچ سەن گۈلدەك،
كۈلۈپ قارا، سايرا خوشال بۇلبۇلدەك.

رەنجىشنى ئۈستىمسەڭ كوڭلۈڭنىڭ،
باشقىلارنى رەنجىتمىگەن سەن زىنھار.
غېرىپلارغا سالسا دائىم شاھ چاپا،
تاجۇ - تەختى قىلماس ئاڭا ھەم ۋاپا.

## ھىكايەت

ئۇلۇغلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئالىم،
قىسسىسىنى ئېيتتى ئابدۇل ئەزىز ① نىڭ.
ئۈزۈكىنىڭ كوزى ئىكەن بىباھا،
كۆچۈك يەتمەس باھاسىغا ھىچ ئۇنىڭ.
نۇر چاقنىتىپ تۇرار ئىكەن قۇياشتەك،
كېچىسىمۇ يورۇق ئىكەن تۇرغان جاي.
ئاچارچىلىق بولۇپ ئەلدە بىر يىلى،
شاھنىڭ بىلى بوپتۇ گويا ھىلال ئاي.
كۈچسىزلىنىپ قاپتۇ خەلق ئاچلىقتىن،
شاھ توق يۈرسە ئەمەس ئىدى ئىنساپتىن.
تامىغىدىن شېكەر - شەرۋەت ئۆتەمدۇ،
خەلق زەھەر ئىچىپ ئولسە ئازاپتىن؟
رەھمى كېلىپ شاھنىڭ يېتىم - قۇللارغا،
ساتتۇرۇپتۇ ئۈزۈگىنىڭ كوزىنى.
ساتقان پۇلنى تارقىتىپتۇ بىر ھەپتە،
ئاچ ئېلىگە پىدا قىلىپ ئۆزىنى.
بىراق ئاڭا دىدى تالاي مۇلازىم:

① ئابدۇل ئەزىز — ئەرەپ پادىشالىرىدىن بىرى.

ئۆمۈر بويى قولدىن بەرمە نەختىگىنى،
خىسلەت بولسۇن ياخشى خۇلۇق، پاك بولۇش.
ئىرادە ۋە ساداقەتتە قىل شاھلىق،
لاپ ئېتىشتىن ساقلا ھامان تىلىڭنى.
ئۇلۇغلارنىڭ دىلى بەكمۇ ساپ ئۆتكەن،
شۇ تەخلىتتە ساقلا سەنمۇ قەلبىڭنى.
بۇ دۇنيادا ھېچكىم باقى قالمايدۇ،
ئۆلمىسەم دەپ ئېيتالمايدۇ كۆمگەندە.
ھەر كىشىنىڭ تاپقان مۈلكى ۋە مېلى،
پايمال بولار ئاخىر ئۆزى ئۆلگەندە.
ھەر كىشىكىم ئەلگە ئېھسان ئەيلىسە،
ئەل رەھمىتى كەم بولمايدۇ ئۇلاردىن.
ئۇلۇغ تۇرۇپ ياخشى نامى قالمىسا،
ئۆلدى - پۈتتى، تۈگەيدۇ ئۇ دۇنيادىن!
سەن ئېھسانىڭ دەرىخىنى كۆكەرتسەڭ،
مېۋە بېرەر، قويماس سېنى ھېچ قۇرۇق.
زىرائەتنى ئۇرۇپ يەرنى بوش قويما،
بوشاشماستىن ئاگا يەنە سال ئۇرۇق.

### ھېكايەت

شام ئېلىدە ئۆتكەن مۇنداق دانىشمەن:
ياشار ئىدى بولۇپ غارنىڭ ئۆلپىتى.
قاراڭغۇدا قانائەتلىك ئەر ئىدى،
سەۋرى - تاقەت بولغان ئۇنىڭ دۆلىتى.
ئىدى پاكدىل، نامى ياخشى، خۇدا دوست،

كوزلىرىڭنى ئاچقىن جاھان پىتنىسى،
كوتەر قەدەم، سۈنغاي زامان پىتنىسى!

دىدى: مىنى پىتنە دىدىڭ سەن بىراق،
پىتنە دىگەن ئويغانمىسا ياخشىراق.

**ھىكايەت**

شاھىنشاھلار توغرىسىدا بار بايان،
توكلە① سەردار ئىكەن مۇندا بىر زامان.
ئەللەر زۇلۇم كورمەيدىكەن دەۋرىدە،
باشقىلارغا ئورنىدىك ئىكەن ئۇ ھامان.
بىر ئاقىلغا ئېيتىپتۇ ئۇ بىر مەرتە،
بىھۇدىلا ئوتتى مىنىڭ ھاياتىم.
دىلىم ئىستەر ئىبادەتنى خىلۋەتتە،
پەرۋاز قىلسۇن دەيمەن ئارزۇ قاناتىم.
بۇ تاجۇ - تەخت قالار مەندىن كىيىنمۇ،
ھىچكىم بىللە ئەكەتمىگەن قەۋرىگە.
بۇنى ئاڭلاپ جەھلى چىقتى ئاقىلنىڭ،
ساپ نىيەتلىك خىسلەت ئىدى قەلبىگە.
دىدى: خىزمەت قىلماق ئوزى ئىبادەت،
ئەمەس نوقۇل جەينىمازدا ئولتۇرۇش.

---

① توكلە — 11 - ئەسىرنىڭ كىيىنكى يىرىمىدا پادىشالىق قىلغان شىراز شاھلىرىنىڭ بىرى.

ئاچچىقلاندى، دېدى شاھقا: قۇلاق سال!
خالىمايمەن رەنجىشنى خەلقىنىڭ،
سەن خەلققە بولۇپ قالدىڭ بىر ئازاپ.
بولۇپ تۇرساڭ دوستلىرىمنىڭ دۈشمىنى،
مەن قانداقچە يۈرەي سېنى دوست ئاتاپ؟
قوللىرىمدىن سويمە مۇنداق، كەت، يوقال!
ئالغىن بېرىپ دوستلىرىمنىڭ كۆڭلىنى.
پەريات ئېيتەر خەلق، قىلدىم تەنەججۇپ،
كورۇپ زالىم ئۇيقۇسىدا مەن سېنى.
قاخشاتما سەن ئاجىزلارنى، مەزلۇمنى،
بىلمە باقى دەۋرۇ - دەۋران پەيتىنى.
ھەممە نەرسە ئۆزگىرىشتە، ئاجىزلار،
تاپسا پۇرسەت ئالار سەندىن ئەنتىنى.
چۈمۈلىلەر تۇتۇش قىلسا بىرلىشىپ،
يوغان شىرمۇ كېلەلمەيدۇ مۇخالىپ.
زۇلۇم بىلەن قاخشاتمىغىن خەلقنى،
ئاقىۋەتتە بولالمايسەن ھېچ غالىپ.
زۇلۇم بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش يىققاندىن،
ياخشىراقتۇر غەزىنىسىز ئەھۋالىڭ.
كىشىلەرنى مۇنداق دېسەپ - چەيلىمە،
چەيلىنىسەن يېتىپ كەلسە زاۋالىڭ.
بولاي دېسەڭ دۈشمىنىڭدىن باتۇرراق،
چىداسەنمۇ، كۈچلۈكلەرگە ئاگاھ بول.
ھىممەت بىلەن يەڭمەك كېرەك ياۋلارنى،
ھىممەت يولى بارچە يولدىن ئەلا يول.
كۆلدۈر ئەلنى، ئېرىپلارنى شات ئەيلە.

ئىسىل ئىنسان ئىدى مىسلى پەرىشتە.
ئۇ بارمايتتى ئىشىگىگە ھېچكىمنىڭ،
ئۇنى ئىزلەپ كېلەتتى ھەممىشە.
بۇ دانىشمەن ياشايدىغان ئىقلىمدا،
بىر پادىشا ئۆتكەن زۇلۇم سالغۇچى.
غېرىپ - غۇرۋا تاشلانىسلا كوزىگە،
ئازار بېرىپ، جانلىرىنى ئالغۇچى.
بەكمۇ جاھىل، خۇيى ئەسكى شاھ ئىدى،
ئەندىشىدە قالار ئىدى كورگەنلەر.
تارقالغاندى يامان نامى جاھانغا،
قېچىپ يۈرەر ئىدى خەلقى دەر - بەدەر.
بىر ئازغىنا ئاجىز، يېتىم كىشىلەر،
چاق ئىگىرىپ قالغان ئىدى ئىلكىدە.
زۇلۇم - زۇلمەت ئاشسا نەدە ھەردىدىن،
ئېچىلمايدۇ بىرەر لەۋمۇ كۈلكىدە.
شاھ گايىدا غارنى ئىزلەپ كېلەتتى،
بىراق پەرۋا قىلماس ئىدى دانىشمەن.
شاھ دېدىكى، ئەي بەختلىك ئەزىزىم،
نېمە مۇنداق كورۇشسەن مەن بىلەن؟
مېنى دۈشمەن كورۇپ قالدىڭ نېمىشقا،
بولۇپ تۇرسا ساڭا دوستلۇق، ھىممىتىم؟
بولمىسامۇ گەرچە تازا شەۋكەتلىك،
دەرۋىشلەردىن كەم ئەمەسقۇ ھورمىتىم؟
مەن دېمىدىم باشقىلاردىن ئۇلۇغ بىل،
لېكىن مېنى باشقىلاردەك ئىلىك ئال.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ شۇ دەم دانىشمەن،

توشقان ئادەم ئىدى ئەسلى بەقۇۋەت،
ھۆرمىتى چوڭ ۋە باي ئىدى قەۋەتلا.
دېدىم ئاكا: ئەي ئاق نىيەت بۇرادەر،
نېمە كۈنلەر كەلدى سىنىڭ بېشىڭغا؟
غەزەپلەندى: بىلىپ تۇرۇپ سورايسەن،
نە ھالەتتە كەلگىنىمنى قېشىڭغا!
كۆرمىدىڭمۇ كەلگەن ئېغىر چاغلارنى،
مۇسىبەتلىك كۈندە قالدى دېخانلار.
يە ئاسماندىن چۈشمەس يامغۇر تامچىلاپ،
يە پەلەككە يەتمەس ئاھۇ - پىغانلار.
دېدىم ئاكا: ساڭا نېمە خەۋپ بار؟
بەدۆلەتسەن، ئۆزۈڭگە توق تۇرغاندا.
باشقىلارنى قىينىسىمۇ بۇ ئاچلىق،
ئۆدەك نېمە بولار ئىدى توپاندا؟
مەندىن خاپا بولۇپ قالدى ئۇ دوستۇم،
دېدى: ئەجەپ قىلىپ كەتتىڭ دانالىق.
قاراپ چىداپ تۇرالامسەن مەرت بولساڭ،
دوستلار ئاچ، بولساڭ مالۇ - دۇنيالىق.
سارغىيىشىم ئەمەس مېنىڭ يوقلۇقتىن،
ئاچلار دەردى ئۆرتىۋەتتى بۇ جاننى.
ئەقىللىقلار خالىمايدۇ ھېچقاچان،
ئېلىڭگىمۇ، ئۆزىڭگىمۇ زىياننى.
تېنىممۇ ساق، شۈكرى دەيمەن خۇداغا،
لېكىن تارتتىم ئۆزگىلەرنىڭ دەردىنى.
ھالسىزلىنىپ ياتقان كېسەل يېنىدا،
غەم يېمەمدۇ ساق كىشىنىڭ قەلبىنى؟

لەۋلىرىنى چىشلەپ قالسۇن يامانلار.
ئوغرى - يالغان قۇتراپ چىقسا بوراندا،
نەدىن بىلسۇن قاراۋۇللۇق قىلغانلار.
ماتا غېمى بىلەن بولغان كارۋانلار،
بولماس ھارغان ئىشەكنى ئويلاشتا.
ئانچە ئاجىز ئەمەس ئۆزۈڭ، نىمىشقا —
بولالمايسەن غېرىپلارنى قوللاشتا؟
تارتىنىشنى قويۇپ چەتتە نىھايەت،
بۇ توغرىلىق قىلاي ساڭا ھىكايەت.

## ھىكايەت

دەمەشقتە قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى،
كۆتىرىلدى مېھىر ئەلنىڭ كۆڭلىدىن.
بەك بېخىللىق قىلدى ئاسمان زېمىنگە،
قاغجىرىدى دەل - دەرەخلەر ۋە ئېكىن.
قۇرۇپ قالدى قېدىم سۈلۈق بۇلاقلار،
يېتىملارنىڭ كۆز يېشى دۇر تامچىغان.
ئايالالارنىڭ ئاھى بولدى ئىس بولۇپ،
ھەر بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن بالقىغان.
دېۋانىگە ئوخشاپ قالدى دەل - دەرەخ،
باھادىرلار ئاجىزلاشتى بىمەھەل.
چېكەتكىلەر يەپ قۇرۇتسا ئېكىننى،
چېكەتكىنى يەپ تۈگەتتى قويماي ئەل.
كونا بىر دوست كەلدى شۇ چاغ يېنىمغا،
ھەيران قالدىم، قاپتۇ تېرە - سۆڭەكلا.

× ×

شاھنشاھلار ئۇتكەن تالاي ئىراندا،
ماڭغانلىرى بولغان زۇلۇم يولىدىن.
ئۇلار شاھلىق قىلالمىغان كوپ ئۇزاق،
شەۋكەتلىرى كەتكەن ئاخىر قولىدىن.
زۇلۇم قىلساڭ تامام بولار شاھلىغىڭ،
بولماس سەندە ھەرگىز تەخت ۋاپاسى.
شاھ ئۇيقىدا ياتسا بولغاي كوپ خاتا،
كۇچسىزلەرگە بولسا كۇچلىڭ جاپاسى.
سەن بىكاردىن - بىكار ئەزمە خەلقنى،
شاھ — پادىچى، خەلق — قويدۇر ئەسلىدىن.
جاپا كورسە خەلق، شاھنى بورى دەر،
زار - زار قاخشاپ دات ئەيلەيدۇ دەستىدىن.
ياماڭلىقلار قىلىپ كەتتى يامانلار،
زۇلۇم سىلىپ قالدى ئاخىر قارغىشقا.
گەر ئاڭلىماي دىسەڭ خەلق دادىنى،
ياخشىلىق قىل، ئىگە بولغىن ئالقىشقا.

## ھكايەت

ئاڭلىدىمكى، مەغرىبنىڭ بىر شەھرىدە،
قان - قېرىنداش ئاكا - ئۇكا بار ئىكەن.
ئىكەن ئۇلار دانا، گوزەل، قىلىچۋاز،
باھادىرلىق ۋە قابىللىق يار ئىكەن.
ئاتا كورسە، ئىككىلىسى ھەيۋەتلىك،

ھەر بۇردا نان ماڭا زەھەر ئەمەسمۇ،
مىسكىن خەلق ئۆتۈۋاتسا ئاچۇ - زار.
ئەگەر دوستۇڭ ياتقان بولسا زىنداندا،
سەن سەيلىنى قىلالامسەن ئىختىيار؟

## ھىكايەت

ئۆتەپ تۇرغان ئەل قەلبىدىن ئوت چىقتى،
باغدات بويلاپ كۆيەتتى ئوت بى تىنىم.
شۈكرى، دەيتتى بىراۋ قاراپ يانغىنغا،
خويمۇ ياخشى كويمەي قالدى دۇكىنىم.
دىدى بىراۋ: ئەي تېتىقسىز، ئەقلى يوق،
شۇنچىلىكمۇ سېنىڭ غېمىڭ، ئەھۋالىڭ؟
ئۆز دۇكىنىڭ ئامان قالسا بولغىنى،
شەھەر كويۇپ كەتسە بولماس پەرۋايىڭ!
بېخىللاردىن بولەك كىممۇ تويۇنار،
جەۋرى چەكسە خەلق ئاچلىق - ئازاپتىن؟
بايلار تويۇپ، غېرىپ - غورۋا قان يۇتسا،
ئويلاپ باققىن، بولامدۇ شۇ ئىنساپتىن؟
سەن ساق دەمسەن كېسەل باققان ئادەمنى؟
ئۇنىڭ كۆڭلى كېسەلدىنمۇ بولار تەس.
دوست - يارانلار يېتىپ بارار مەنزىلگە،
ئەمما مەدەت بەرگۈچىلەر يېتەلمەس.
سائادەتنىڭ خىيالىدا بولغانىغا،
بۇ سەئدىنىڭ بىرلا سۆزى يېتەرلىك:
گۈزەل سۆزگە قولاق سالساڭ كۆپ پايە،
گۈل ئۈزمەيسەن بېغىڭ بولسا تىكەنلىك.

قەھرىلەنگەن پەلەك قىلدى يىلتىزسىز.
ئالدامچىغا بىرەر ئىدى كىم مەدەت،
كىمگە سىپلىق سالالايدۇ ئەل قاچسا؟
مېھرۇ - ۋاپا كۇتەلەمدۇ ئۇ ئەلدىن،
ئارقىسىدىن توختىماستىن قاغاشسا؟
مۇھ ئۇستۇر، يىگىن دەيدۇ ئۇلۇغلار،
يامان ئۇنى يىيەلمەيدۇ سۈندۇرۇپ.
يامانلاردىن قالماس ھەرگىز ياخشى نام،
يامانلىقتا كېتەر ئاخىر يوق بولۇپ.

× ×

بىراۋ كېسەر ئىدى مۇھ شېخىنى،
چۈشۈپ قالدى ئۇ باغۋەننىڭ كوزىگە.
دىدى باغۋەن: "يامان ئىشتا بۇ ئادەم،
ماگا ئەمەس، سالار زىيان ئۇ ئۆزىگە!"
چۈشەنگەندە نەپ بېرىدۇ نەسىھەت،
غېرىپ - يوقسۇل قاخشىمىسۇن ئارقاڭدىن.
قولدىن كەتسە تاجۇ - تەختىڭ مۇبادا،
ئاچ - زېرىنلار ئالار شۇئان ياقاڭدىن.
تارت قولۇڭنى! سەن غېرىپقا مۇش ئاتما،
سېنى يەڭسە، يېڭىلدى دەپ بىل ئۇنى.
ئەر يىگىتكە ئۇياتلىق ئىش ئەمەسمۇ،
ھە دىسىلا تەگلەپ تۇرسا مۇشتىنى!
پاك، ئۇلۇغلار مەشغۇل بولۇپ پەن بىلەن،
تاجۇ - تەختنى ئالار ئەقىل - پەم بىلەن.

ئۇرۇشلاردا ياۋنى راسا قىرىپتۇ.
قېرىپ ئاتا، بولۇپ تەگدىن مۈلكىنى،
ئىككىسىگە مىراس قىلىپ بېرىپتۇ.
مەندىن كېيىن قالسا جۇدا بولۇر دەپ،
قېرى ئاتا ئەنسىرەپتۇ ئۇلاردىن.
شۇندىن كېيىن ئۆمۈر كۆرۈپ ئازغىنا،
ۋىدالىشىپ كەتكەن ئىككەن دۇنيادىن.
ئىككى شاھقا مىراس بوپتۇ مەملىكەت،
بولۇنۇپتۇ ئالتۇن، قوشۇن ۋە دىيار.
ئاكا - ئۇكا ئىش تۇتۇپتۇ باشقىچە،
ئۆز يولىنى قىلىشىپتۇ ئىختىيار.
ئادىل بوپتۇ بىرى ئىستەپ ياخشى نام،
پۇل غېمىدا بوپتۇ بىرى ھەر قاچان.
مېھرىۋانلىق قىپتۇ بىرى خەلقىگە،
غېرىپلارغا، ئاچۇ - زارغا بېرىپ نان.
بىنا سېلىپ، تۈزەشتۈرۈپ قوشۇننى،
يۇرتلار ئارا غېرىپخانا ياساپتۇ.
بىرى ياساش ئۈچۈن تاجۇ - تەختىنى،
دېھقانلاردىن كېچە - كۈندۈز باج ئاپتۇ.
دۈشمەن بولۇپ چىقىپتۇ ئۇ، ئۆزىگە،
يالغۇز - غېرىپلارغا دۈشمەن بولماستىن.
ئەقىل بىلەن قىلماپتۇ ئۇ ياخشى ئىش،
ھەدىسىلا ئالتۇن يىغىپ تويماستىن.
كېتىپ تەلەي، بېسىپ كېلىپ ئوغرى ياۋ،
ئاخىر ئۇنى تارمار قىپتۇ رەھىمسىز.
چىۋىنىنى قورۇپ ئاتلار قۇيرىغى،

ئىدىم ئۆزەم كىبىرى زور ھوكۈمران،
قول ئىلكىمدە ئىدى يۈكسەك تاجۇ - تەخت.
ئۇ كۈنگە تارتىپ مېنىڭ بەختۇ - تالىيىم،
قۇدرەت بىلەن سۇلتان بولدۇم ئىراققا.
ئاچكۆزلۈگۈم يېدى ئاخىر بېشىمنى،
تەمە كوزۇم چۈشكەن چاغدا يىراققا.

× ×

قۇلاق سالغىن، ئويغان ئەمدى غەپلەتتىن،
نەسىھەتكە تۇتۇش قىلدى ئۇلۇغلەر.
ياخشى كىشى يامانلىققا ماگمايدۇ،
ياخشى يولدا ماگار ياخشى ئىردىكلەر.
يامانلىققا ماگار يامان ھەر دائىم،
كوپ ھاللاردا ئولەر يولدا چاياندەك.
ھەدەپ پايدا كوزلىگەنلەر قەدىرسىز،
مىسالى تاش، بولار رەڭگى ساماندەك.
ئايا دوستلار، خاتا قىلدىم سوزۇمدە،
شۇ تاشتىمۇ ئوزگە يارىشا پايدا بار.
ئاھانەتتىن ئولگىنىڭ خوپ، مۇبادا،
تاپالمىساڭ شۇ تاشچىلىك ئېتىۋار.
ئادەم ئەلا بولۇر يىرتقۇچ ھايۋاندىن،
ئەمما يىرتقۇچ يامانلاردىن ئەۋزەلرەك.
ئەقىللىقلار بولالايدۇ چىن ئىنسان،
قانخورلارنى ئىنسان دىيىش نە كېرەك؟
ئىنسان بولسا، ئوتسە دائىم ئۇ بەختۇت،

× ×

ھەق سوزلەرنى ئاڭلا ئاقىل سەئىدىدىن،
ئۇلۇغلارغا ئەگەش — بولۇپ سەن بۇگرەك.
تاجۇ - تەختنى يۇكسەك دىمە ھەممىدىن،
غىرىپلىقتۇر بەلكى ئۇندىن يۇكسەكرەك.
كۇندە بىر نان غىمىنى يەر كەمبەغەل،
بىراق شاھلار غىمىنى يەر دەۋراننىڭ.
ھەر ئاخشمى بىر نان تاپسا دىۋانە،
سۇلتانىمەن دەر ئۇزىنى جاھاننىڭ.
خوشاللىقمۇ، غەممۇ چىقار بىشىڭغا،
ئولۇم چىغى كىتەر بىللە ئىككىسى.
نىمە بوپتۇ ئەگسە سىلىق بوينۇڭنى،
نىمە بوپتۇ بولساڭمۇ تاج ئىگىسى!
بىشى كوككە يەتكەن بولسا بىراۋنىڭ،
بىراۋ ئەگەر ياتقان بولسا زىنداندا،
ئەجەل كىلىپ، جان تاپشۇرسا ئىككىسى
پەرقى نىمە بولۇپ چىقتى شۇ ئاندا؟
مۇلكى دولەت باشقا بالا بەزىدە،
پادىشادۇر نامى گاداي ئەسلىدە.

× ×

قايسى بىر كۇن ئاڭلاپ قالدىم كوچىدا،
بىر ئاقىلغا ئېيتتى بىراۋ مۇنداق دەپ:

ئۆزۈم ھەرگىز مۇڭلىمەس تىكەندە،
ياخشىلىق يوق يامانلىقنىڭ زورىغا.
تېرىغىنىم ئارپا تۇرسا ئېتىزدا،
بۇغداي ئورۇپ ئالالمايمەن مەن كېيىن.
ئاچچىق بادام تۇرسا باققا تىككىنىم،
ئۇنىڭ تاتلىق بولالىشى ناتايىن.
تالگۈل ئۈنۈپ چىقارمىدى خورمىدىن،
نىمە ئەكسەڭ شۇ چىقىدۇ ئورنىدىن.

× ×

ئۈنۈتمىغىن ئاقىللارنىڭ سوزىنى،
بىراۋ مۇنداق دىگەن ئىكەن ئوغلىغا:
— كىچىكلەرنى بوزەك قىلما ئەي ئوغلۇم،
دۇچ كېلىسەن ئوزۇڭ چوڭلار زۇلمىغا.
سەن ئەقىلسىز، بورى خىيال قىلمىدىڭ،
شىرنىڭ يېرىپ كېتىشىنى بىلمىدىڭ.
ياشلىغىمدا ئىدىم مەنمۇ زوراۋان،
يۇرەر ئىدىم كىچىكلەرنى رەنجىتىپ.
كېيىن ئوزەم نوچىلاردىن مۇشت يىدىم،
شۇندىن كېيىن يۇرمەس بولدۇم مۇشت ئېتىپ.

× ×

يۇكسەك نىيەت بولساڭ ياتما غەپلەتتە،
ئۇلۇغلارغا بىغەم ئۇيقۇ ھارامدۇر.

ھايۋان نامى خاس بولمامدۇ ئۇ زاتقا؟
ياخشىلىقنىڭ ئۆرۈغىنى ئەكمىسە،
ھەركىم ھەرگىز يېتەلمەيدۇ مۇراتقا.
ئاڭلىمىدىم ئۆتكەن ئۆمرۈم ئارقىلىق،
يامانلارنىڭ جازاسى دەپ ياخشىلىق.

× ×

ئەسىر بولۇپ چۈشتى بىر چاغ ئورنىغا،
ھەيۋىتىدىن شىر قورققۇدەك بىر سەردار.
كۆپ زالىملىق قىلغان ئىدى ئۇ ئەلگە،
ئەملىدىن چۈشۈپ بولدى خارۇ - زار.
ئۇ ئۇخلىماي ھەدەپ نالە قىلاتتى،
باش ئۈستىگە كېلىپ دىدى بىر ئادەم:
يەتكەنمىدىڭ كىشىلەرنىڭ دادىغا،
يەنە كىمدىن تىلەر ئىدىڭ سەن ياردەم؟
ئەككەنلىرىڭ ئىدى سېنىڭ زالىملىق،
نىمە بولدى بۈگۈن ئالغان ھوسۇلۇڭ؟
بۈگۈن كىملەر مەلھەم چاپلار ياراڭغا،
تۇل خوتۇنلار ئاھى بولسا ھوزۇرۇڭ؟
بولمىسىزغا ئورا قېزىپ يۈرەتتىڭ،
ئوزۇڭ كېلىپ چۈشسەن ئاڭا ئاقىۋەت.
ئورا قازار ئىككى تۈرلۈك ئادەملەر،
بىرى زالىم، بىرى بولسا ئاق نىيەت.
بىرى ئەلنى باي قىلىشنى كوزلەيدۇ،
بىرى ئەلنى تىقسام دەيدۇ ئورنىغا.

مۇبارەك چال ئاگلاپ بوردى بو سوزنى،
ۋە غەزەپلىك ۋاقىرىدى شۇ ئاندا:
— ساڭا دۇئا كار قىلامدۇ؟ ئۇز خەلقىڭ —
سەندىن جاپا چىكىۋاتسا زىنداندا!
خەلقىڭ ئۇچۇن بولمىسا ھىچ شەپقىتىڭ،
بۇ دولەتتە كورەرمىدىڭ سەن راھەت؟
تەككەن ساڭا مەزلۇم ئەلىڭ قارغىشى،
ساقايمايسەن، قىلما مىنى دالالەت!

## ھىكايەت

يۇكسەك ئىدى قىزىل يولۋاس قەلئەسى،
تاغدەك مەزمۇت مۇنارلىرى بار ئىدى.
قوغدىنىشقا ئەپلىك ئىدى، يوللىرى —
ئورۇلگەن چاچ تەخلىتىدە، تار ئىدى.
بۇيۇك قەلئە بەكمۇ گۇزەل بوستاندا،
تۇرار ئىدى باغلار بىلەن يوگۇلۇپ.
خەۋەر تىپىپ بۇ قەلئەدىن بىر سەيياھ،
شاھ ئالدىغا كەلدى ئۇزاق يول يۇرۇپ.
جاھان كىزەر ئادەم ئىدى ئۇ كىشى،
كوپنى كورگەن ۋە قەدىمى قىسمەتلىك.
ئىدى بەكمۇ ھەقىقەتچى، بىلىمدان،
سوزگە ماھىر، قىلغان سوزى ھىكمەتلىك.
— سەن دۇنيانى كەزگەن ئادەم، — دىدى شاھ،
كورگەنمىدىڭ مۇنداق پۇختا بىنانى؟
كۇلدى سەيياھ: كوركەم ئىكەن بۇ قەلئەك،

خەلق ئاجىز، غېمىنى يە ئۇلارنىڭ،
بۇ، تۇرلۇك ئىش يۈز بەرگۈسى زاماندۇر.
ياخشى كوڭۈل بىلەن قىلغان نەسىھەت —
ئاچچىق دورا، ساقىيىدۇ ئەمما دەرت.

**ھىكايەت**

بىراۋ سوزلەپ ئوتتى بىر شاھ توغرىلىق،
ئاغرىپتىكەن رىشتە① بىلەن چىكىپ دەرت.
جەسەت كەبى ياتار ئىكەن ئۇ جانسىز،
قىلار ئىكەن باشقىلارغا كوپ ھەسەت.
خىزمەتكارى دىدى ئاڭا يەر سويۇپ:
— ئومرۇڭ زامان بويى بولسۇن مۇقەددەس.
قۇتلۇق نەپەس بىر ئادەم بار شەھەردە،
بەكمۇ پاك دىل، ئۇ خىل كىشى كوپ ئەمەس.
چاقىر ئۇنى، كېلىپ ساڭا دەم سالسۇن،
رەھمەت ياغار زېمىن ئۇزرە پەلەكتىن.
بۇيرۇق چۈشتى چاقىرغىلى بوۋاينى،
خىزمەتكارلار يۈگۈرۈشتى ھەر تەرەپتىن.
كەلدى ئاخىر جىسمى كوركەم ئۇ بوۋاي،
كىيگەن ئىدى كونىرىغان بىر چاپان.
— داۋا ئەيلە، دۇئا قىلغىن!— دىدى شاھ،
ئازلا قالدى ئاغرىق بىلەن قاخشاپ جان.

---

① رىشتە — ناھايىتى يامان يۇقۇملۇق بىر خىل كېسەل، بۇرۇنقى زامانلاردا بۇخارادا كورۈلگەن.

قاي بىرىنىڭ تەختى زاۋال تاپمىدى؟
شۇنداق ئىكەن، ئارتۇق بولدى بۇ سوزۇڭ.
بۇ دۇنيادا ئولمەس ئىنسان بولامدۇ،
ئولمەسلىكنى ئارزۇ قىلار كىم يەنە؟
دىدى يەنە بۇ سوزلەرنى قىلغۇچى، —
دانا بولساڭ، سوز قىلمىغىن بىمەنە.
مەن قىلمايتتىم ئولمە دىگەن دۇئانى،
ياخشىلىققا يېتەكلەيتتىم ئۇلارنى.
جاھان ھوكمى بولسا ئەگەر بىركىمدە،
بولسا ئوزى ساپ نىيەتلىك ۋە ھۇشيار.
بولۇپ ئۇندا ئالتۇن، قوشۇن، سەلتەنەت،
ياخشى كۇنى بولار ھامان بەر قارار.
مەزلۇملارغا زورلۇق قىلسا مۇبادا،
ھاياتىدا قالمايدۇ ئۇ جازاسىز.
شاھلىق قىلار تاكى گورگە كىرگىچە،
بولسا ئەگەر فىرئاۋندەك گۇناسىز.

### ھىكايەت

تارتىشۋالدى ئىشىگىنى بىراۋنىڭ،
بىر زوراۋان گور① دا زورلۇق ئىشلىتىپ.
يۇكى ئېغىر، بېقىلمىغاچ بۇ ئىشەك،
يېرىم يولدا ئولۇپ قالدى پۇت ئېتىپ.
نامەرتلەرگە دولەت بىرەر زامانە،

① گور — ئافغانىستاندىكى بىر ئولكىنىڭ نامى.

لېكىن تىلغا ئالماي تۇرغىن دۇنيانى.
بۇ قەلئەنى ئەيىش ئەيلەپ ئاز - تولا،
ئۆتكەن شاھلار كەتكەن ساڭا قالدۇرۇپ.
ئەسلەپ كورگىن دەۋراننى ئاتاڭنىڭ،
ئۆتكەن ياخشى مەغرۇرلۇقتا يات بولۇپ.
ئۆلۈم گورگە ئېلىپ كەتتى ئاتاڭنى،
بولدى ئاخىر پۇچەك پۇلدىن ھەم بەتتەر.
ئايا شاھىم نوشىراۋان، — دەپتىكەن،
قېدىم ئەجەم مۇلكىدە بىر قەلەندەر، —
بۇ تاجۇ - تەخت ۋاپا قىلسا ئاتاڭغا،
ئاڭا ئىگە بولالمايتتىڭ سەن ئەبەت.
قارۇن① بولۇپ ئالتۇن يىغساڭ تۇگەيدۇ،
بۇ جاھاندا قالار پەقەت خەيرىيەت.

× ×

كەيقۇبادقا دۇئا قىپتۇ بىر ھەكىم:
"ئۆلمە شاھىم، ئۆتمە مەڭگۇ ئالەمدىن!"
ئۇنى شۇئان توختىتىپتۇ بىر دانا:
— مۇنداق دۇئا چىقماس ئاقىل ئادەمدىن.
فەرىدۇن، جەم، زەھھاك دىگەن شاھلارنى،
بىلدىتىڭمۇ؟ ئاڭلىغانمۇ سەن ئۇزۇڭ؟

---

① قارۇن — ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە ناھايىتى بېخىل ئۆتكەن بىر باي پادىشا ئىمىش.

ناكا بولسۇن ئىشەك تاشنىڭ زەربىدىن.
بۇ ئىشەكنى ناكا، چولاق ئىكەن، دەپ،
يول ئۈستىدە نەزەر سالماس زوراۋان.
قۇلاق سالدى ئوغۇل ئاتا سوزىگە،
نىمە دىسە بەجا قىلدى ئۇ شۇئان.
قاتتىق مىيىپ قىلىپ قويدى ئىشەكنى،
قاۋۇل ئوغۇل ئېلىپ قولغا يوغان تاش.
دىدى ئاتا: ئەندى ئاق يول تىلەيمەن،
يولغا چىققىن، كارۋانلارغا بول يولداش!
ئوغۇل ماڭدى مىنىپ ناكا ئىشەككە،
ۋە يول بويى قىلدى ئاكا ئاھانەت.
ئامانچىلىق بولارمۇ بۇ يۇرتتا دەپ،
بوۋاي كوككە قاراپ قىلدى نادامەت.
— ئى خۇدايا، ئۆمۈر بەرگىن، — دەر بوۋاي،
ئۆلگىنىنى كورەي شاھنىڭ كوزۇمدە.
مەندىن بۇرۇن ئۇنى نابۇت قىلمىساڭ،
ئۆلگەندىمۇ تىنىك تۇرارمەن گورۇمدە.
مۇنداق ئازار بەرگۈچىدىن ئىت ياخشى،
يىلان تۇغسا تۈزۈگرەكتۇر ئاياللار.
كىشىلەرنى قىينار قىلىپ مەككارلىق،
گەر تۇغۇلسا دىۋە سۈپەت يامانلار.
دۈشمەنىڭگە كار قىلمىغان قورالنىڭ،
ياخشىراقتۇر ئۆز قولۇڭدا سۇنغىنى ...
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ قالدى پادىشا،
تالادىلا نىشانلىدى ئويقۇنى.
سۇرۇپ خىيال، يۇلتۇز ساناپ ياتتى ئۇ،

مىسكىنلەرگە بولسا قايغۇ، ئاھۇ - زار.
ئۇ ئولكىدە زالىم بىر شاھ بار ئىكەن،
ئاڭلىدىمكى، قىلغان ئىمىش ئۇ شىكار.
قوشۇنىدىن ئۇزاقلىشىپ كېتىپتۇ،
ئۇۋنى قوغلاپ ئاتلىق، قېلىپ كېچىگە.
قاراڭغۇدا يۈرگەن يولدىن ئادىشىپ،
كىرىپ قاپتۇ بىر قىشلاقنىڭ ئىچىگە.
ئۇ قىشلاقتا بىر پۇختا چال بار ئىكەن،
ئوغلى چىقماق بولغان ئىكەن سەپەرگە.
ئۇ ئوغلىغا سوزلەر ئىدى شۇ پەيتتە:
— سەن ئىشەكنى ئېلىپ بارما شەھەرگە.
بەكمۇ نامەرت، زالىم بىزنىڭ شاھىمىز،
كورسەم ئىدى ئۇنى جېنى چىققاندا.
ئاچكوزلۇكتە قۇلى بولدى نەپسىنىڭ،
زۇلمى بىلەن قالدى خەلق پىغاندا.
شاتلىق كورمەي ئوتتى مۇندا كىشلەر،
ئاۋاتچىلىق يار بولمىدى دولەتكە.
ئولگەندە بۇ قارا كوڭۇل پادىشا،
دوزاقتىمۇ چوقۇم قالار لەنەتكە.
دىدى ئوغلى: جېنىم ئاتا يول يىراق،
قانداق يېتىپ بارالايمەن پىيادە؟
ئويلاپ كورۇپ بىرەر ئامال تاپايلى،
يول كورسەتكىن، سېنىڭ ئەقلىڭ زىيادە.
دىدى ئاتا: ئۇنداق بولسا مۇنداق قىل،
ئامال چىقىپ قالدى ئاتاڭ ئەقلىدىن.
سەن ئىشەكنى ئۇرغىن يوغان تاش بىلەن،

قالدى دىخان قۇتۇلۇشقا ئامالسىز.
ئۆيلىدى ئۇ ئاياقلاشتى ئۆمرۈم دەپ،
سوزلەپ ئۆتتى ئۆيلىغاننىڭ ھەممىنى.
ئەگەر قىلىچ تەگلەپ تۇرساڭ قەلەمگە،
تىترىتىدۇ ئۇمۇ ئىنسان قەلبىنى.
دادىل بولۇپ دۈشمەننىڭ ئالدىدا،
قويۇپ بەردى بوۋاي ھەممە ئوقىنى.
دېدى شاھقا: بورى كەلسە قىشلاققا،
ئارام تۇنى كىم تاپىدۇ ئۇيقۇنى؟
بەربات قىلسۇن دولىتىڭنى زامانە،
ھەممە ئادەم دات ئەيلەيدۇ دەستىڭدىن.
نامېھرىۋان، تاش يۈرەكتۇر دەۋرانىڭ،
ئەل ئاۋارە، خار بولماقتا قەستىڭدىن.
مېنىڭ سوزۇم خەلق دائىم ئېيتار سوز،
يالغۇز ماڭا سانچىماقچى زەھرىڭنى؟
كوكلىڭ ئاغرىپ قالغان بولسا سوزۇمدىن،
قىرىپ تاشلا ئاۋال پۈتۈن خەلقىڭنى.
سوزۇم قاتتىق تەككەن بولسا، ئىنساپ قىل،
يامانلىقنى كوپەيتمىگىن سەن بەكرەك.
زالىملىقتىن ۋاز كېچىشتۇر ئىلاجىڭ،
ئەمەس ئىشىڭ مەن قېرىنى ئولتۇرمەك.
زۇلۇم ئەيلەپ تۇرۇپ قىلما ھېچ ئۈمىت،
ياخشى نامىم تارقالسۇن دەپ دىيارغا.
دىلىڭ ئاغرىپ كەتكەن بولسا سوزۇمدىن،
ئېھتىيات قىل يامان ئىشنى قىلارغا.
ئولۇپ توگەر بەلكى زۇلۇم سالغۇچى،

ئەسەرمۇ يوق بولدى ئۇندا ئۇيقۇدىن.
تۇشمۇ - تۇشتىن چىللىغاندا خورازلار،
ئازاپلىنىپ تۇرۇپ كەتتى ئورنىدىن.
تاڭ ئاتقاندا ئۇزلەپ كەلدى ئەسكەرلەر،
ئۇچرىتىشتى شاھ ئىشىنىڭ ئۇزىنى.
ئاتلىق قوشۇن پادىشاغا دۇچ كېلىپ،
ئۇ تەرەپكە ئاتتى دەرھال ئوزىنى.
ئاققان دەريا بولۇپ تەۋرەپ بۇ قوشۇن،
ھورمەت ئىزھار قىلدى شۇ دەم شاھىغا.
پادىشانىڭ قەدىناس بىر مۇخلىسى،
سوراپ قالدى قىزىقسىنىپ ھالىغا:
— قىشلاقلىقلار سىزنى قانداق كۇتۇشتى؟
خاۋاتىردە قالدى كوڭلۇم بۇ كېچە.
ئاڭا ئېيتىپ بېرەلمىدى پادىشا،
قانداق كەچمىش كورگىنىنى تاڭغىچە.
خىجالەتتە توۋەن سالدى بېشىنى،
يىقىن ئىرىپ پىچىرلىدى قۇلاققا:
توخۇ گوشى نىدە قالدى، ئەپكىلىڭ،
ئىشەك سوزى ئوزۇق بولدى قوساققا.
ئولتۇرۇشتى بەگلەر بىلەن ئەمىرلەر،
بەزمە بولدى، شاراپ كەلدى ئالدىغا.
ئىچكەنسېرى شاھتا غەزەپ قوزغالدى،
تۈنكى دىخان كېلىپ ئۇنىڭ يادىغا.
بۇيرۇق بەردى، باغلاپ كەلدى دىخاننى،
ئۇرۇپ - سوقۇپ ئاڭا جاپا قىلدى تېز.
سۇغاردى شاھ شەمشىرىنى قىندىن،

دورا ئاچچىق، داۋا بولار ئادەمگە.
نەسىھەتچى سورۇن چىراي كىشىلەر،
شىرىن سوزلۇك دوستلۇرۇڭدىن ياخشىراق.
توغرا يولنى تېپىپ بىرەر نەسىھەت،
ئاڭلىماققا قىلساڭ ئەگەر ئىشتىراك.

## ھىكايەت

سەلتەنەتىنىڭ دەۋرى كېلىپ مەئمۇنغا[1]،
سېتىپ ئالدى سەنەم زىبا ۋە ئويناق.
ئۇ كېنىزەك ئىدى چېچەن، ئاي يۈزلۇك،
گۈل بەدەنلىك، شىرىن پاراڭ، خۇشچاقچاق.
ئالقانلىرى ئىدى ئۈنىڭ لالىرەڭ،
گۈزەللىگى توكەر ئىدى ھەر دەم قان.
ئۇسما قويۇپ ئالغان ئەگمە قاشلىرى،
كورۇنەتتى قوتانلاشقان ئايسىمان.
بىر كېچىسى نازۇك بەدەن ئۇ پەرى،
مەئمۇن بىلەن بىر بولۇشنى قىلدى رەت.
— ئالما كەبى ئۈزۈپ تاشلاي بېشىڭنى،
دېدى مەئمۇن، غەزەپلەندى، چەكتى دەرت.
دېدى سەنەم: مەيلى ئالغىن بېشىمنى،
لېكىن ماڭا يېقىنلاشما مۇتلەق، دەپ.
— رەنجىشىڭگە سەۋەپ نىمە؟ — دېدى شاھ،
ياقماي قالدى قايسى ئىشلار، قايسى گەپ؟

---

[1] مەئمۇن — ئىسلام خەلىپىلىرىدىن بىرى.

ئەمما لەنەت تۈگىمەيدۇ كۆپ زامان.
قۇلاق سالساڭ، قىلدىم ياخشى نەسىھەت،
ئاڭلىمىساڭ يەيسەن ئاخىر پۇشايمان.
ئەللەر تىنچ ياتالمىسا زۇلمىڭدىن،
تۇندە قانداق ئۇيقۇ كېلەر كوزۇڭگە؟
يالاقچىلار ماختار سېنى ھەر دائىم،
بۇ ماختاشلار لايىق كەلمەس ئوزۇڭگە.
ئۆيىتىلغان مىڭ ئاپىرىنىدىن نىمە نەپ،
بىر تەرەپتىن تۇل خوتۇنلار قاغىسا...
سوزلەر بوۋاي قاراپ تۇرۇپ قىلچىقا،
ئىچ - باغرىنى توكتى سوزلەپ ئۇ راسا.
تارقاپ مەسلىك، ئەقىل - ئىدرەك تاپتى شاھ،
قۇلىقىغا ئاۋاز كەلدى مۇنداق دەپ:
ئەپۇ قىلغىن، ئازاپ بەرمە بوۋايغا،
ئۇنى سويساڭ، بار ئەمەسمۇ تۇمەنلەپ!
ئويلاپ كورۇپ نىيىتىدىن ياندى شاھ،
رەھىمدىللىك ئەمەس ئىدى بۇ نىيەت.
ئۇ بوۋاينى يەشتى شۇئان باغلاقتىن،
ماڭلىيىغا سويدى قىلىپ مەرھەمەت.
جاھان ئارا داستان بولدى بۇ ۋەقە،
خەلق كۇيلەپ ئوتتى ئۇزاق يىللارنى.
خاتايىڭنى دۇشمىنىڭدىن ئاڭلىغىن،
رازى قىلار ھەممە ئىشىڭ دوستلارنى.
ئالدامچىلار ماختىسىلا دوست ئەمەس،
ئىغۋاگەرلەر چىقار ساڭا ياردەمگە.
قەنتتۇ تاتلىق، زىيان قىلار ئاغرىققا،

## ھىكايەت

ئاگلىدىمكى قىسسە بىر زات توغرىلىق،
ئۇ شاھىغا قىلغان ئىكەن توغرا گەپ.
جاھىللىقى تۇتقان ئىمىش شاھىنىڭ،
ئاچچىقلىنىپ بوپتۇ ئاگا دەرغەزەپ.
سارىيىدىن قوغلاپتۇ شاھ بۇ زاتنى،
بوپتۇ ئىشى زىندان ئارا بەنت قىلىش.
دوستلىرىدىن بىرى دەپتۇ ئۇ زاتقا،
بولماي قالدى بۇ ئەقىلدىن چىققان ئىش.
دەپتۇ بۇ زات: لازىم ماڭا ئىبادەت،
قاماق پەيتى يېتەر ئىشىم ۋايىغا.
سىر ئېلىشقا كەلگەن ئىكەن بۇ دوستى،
گەپنى دەرھال يەتكۈزۈپتۇ شاھىغا.
شاھ دىدىكى: ئىنتىلىشى بىھۇدە،
ئۆلسۇن ئۇچۇن سالدىم ئۇنى قاماققا.
بىر قۇل ئېلىپ كەلدى زاتقا بۇ سوزنى،
زات دىدىكى: ئېيتقىن بېرىپ سەن شاھقا!
قوللىسىمۇ كوڭلۈم خوشال بولمايدۇ،
ئولتۇرسىمۇ ھىچ غېمىم يوق ئولۇمدىن.
بەلكى ئۇنىڭ شاھلىق كۇنى كوپ يۇكسەك،
كورۇۋاتقان بۇ ئازاپلىق كۇنۇمدىن.
لېكىن ئولۇم ئىشىگە بارغاندا،
بوپ قالىمىز ھەر ئىككىمىز باراۋەر.
ئوتكەن شاھلار مۇنچە زۇلۇم قىلغانمۇ،

دېدى سەنەم: ئولتۇر مېنى، ئەت خالاس،
پۇرار ئاغزىڭ، قالمىدى ھېچ تاقىتىم.
زۇلمىڭ تىغى ئولتۇردۇ بىر يولى،
سېسىق پۇراق ئولتۇردۇ ھەر قېتىم.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلىغاندا پادىشا،
كوڭلى ئاغرىپ، رەنجىپ قالدى بىر مەھەل.
گەرچە كوڭلى ئاغرىسىمۇ شۇ پەيتتە،
داۋالاندى، يوقاپ كەتتى ھەد توگەل...
دېدى: ئېيتتى دوست بولغاچقا ئەيۋىمنى...
ئۇ ئاي يۇزلۇك چىراي ئاچتى، بولدى يار.
يوللىرىڭدا ئورا قېزىپ قويۇلسا،
پەقەت دوستۇڭ قىلار سېنى خەۋەردار.
يولۇڭ توغرا دېسەڭ يولدىن ئازغانغا،
ئاڭا جاپا، بەلكى زۇلۇم بولىدۇ.
خاتا يولنى سېلىشمىسا يۈزۈڭگە،
دەرسەن ئۇنى توغرا يولۇم بولىدۇ.
سۇقمۇنىيا① شىپا قىلسا كېسەلگە،
ئوخشاشمىكىن دەپ ئويلىما سەن قەننى.
توغرا سوزنى ئېيتىپ بىرەر تىۋىپلار،
ئاچچىق دورا داۋالايدۇ بەدەننى.
سەن شىپانىڭ شەربىتىنى ئىزلىسەڭ،
بۇ سەئىدىدىن ئاڭلا ئاچچىق نەسىھەت.
مەرىپەتنىڭ ئەگلىگىدىن ئوتكەن سوز،
سالساڭ قۇلاق بىرەر ساڭا مەنپەئەت.

---

① سۇقمۇنىيا — بىر خىل دەرەخنىڭ شىرنىسى، ناھايىتى ئاچچىق بولۇپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

ئوڭغا تارتماس ئىدى ئۇنىڭ ئىشلىرى،
كۈندىن - كۈنگە هالى بەتتەر بولاتتى.
نالە قىلىپ دەيتتى: خۇدا ئىنساپ قىل،
ئۆزگىلەر گوش يېگەندە مەن يۈردۈم ئاچ.
يۇمشاق پوستىن كىيگۈزۈپسەن مۇشۇككە،
كىيىشكە يوق، مەن يۈرىمەن يالىڭاچ.
نە بولاتتى گۇمران بولسا بۇ زامان،
يىمەس ئىدىم پۇل ۋە مالدىن مەن قايغۇ.
چىقىپ قالسا ئىدى ئاياق ئاستىمدىن،
يوشۇرۇلغان ئالتۇن - كۆمۈش ۋە يامبۇ.
غەم يۈكىنى بەلكى تەرك ئېتەتتىم،
زامان - زامان ياخشى ياشاپ ئۆتەتتىم.

× ×

دۈشمەن بىلەن ياراش قىلغىن سەن جەڭدە،
ئىشىڭ ئەقلۇ - تەدبىر بىلەن بولسا ھەل.
يېڭەلمىسەڭ دۈشمىنىڭنى كۈچ بىلەن،
ئالتۇن بىلەن توختات جەڭنى شۇ مەھەل.
خەۋپلەنسەڭ ئەگەر ياۋىڭ دەستىدىن،
تىللىرىنى باغلا ئۇنىڭ، ئىھسان قىل.
زىيان سالماي، ئاگا بەلكى ئالتۇن چاچ،
بىر مەھەللىك ئىشلىرىڭنى ئاسان قىل.
چالساڭ بولار ناغرىسىنى تەدبىرىڭنىڭ،
ياۋىڭ كۈچلۈك بولسا، ئالدا سەن ئۇنى.
كورگەن يەردە ھۆرمەت كورسەت سەن ئاگا،

توپلىغانمۇ مۇنچە بايلىق، مۇنچە زەر؟
ئۇ ئولگەندە ئەللەر يامان دېمەيدۇ،
گەر قۇتۇلسا مۇنداق خۇنۇك ھالەتتىن.
يامانلىقتا ئوتكۈزمىسە ئومرىنى،
بەلكى خالاس بولالايدۇ لەنەتتىن.
ھەر قاچانكى ئولۇم كەلسە بېشىغا،
يەر تېگىدە بولار ئۇنىڭ ماكانى.
غەزەپلەندى بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ شاھ:
تىلىنى كەس، ئولۇم ئۇنىڭ ئىمكانى!
دېدى ئاڭلاپ ھەقىقەتچى، دانا زات:
قورقارمىدىم سېنىڭ مۇنچە ھوكمىڭدىن!
ھېچ گەپ ئەمەس جەۋرى كورسەم، خارلانسام،
ئاقىۋىتىم ياخشى بولار سېنىڭدىن.

## ھېكايەت

تارتقان ئىدى ئاچ - زېرىنلىك دەردىنى،
بەكمۇ نامرات ياشىغان بىر پەھلىۋان.
ئوتمەس ئىدى پەھلىۋانلىق بىلەن كۈن،
يېيىش ئۈچۈن تاپالمايتتى بۇردا نان.
ئۇنىڭ كۈنى ئوتەر ئىدى ئەلەملىك،
شۇم زاماننىڭ ھالىتىدىن قىلىپ دات.
غەمگە سالغان تەتۈر پەلەك دەستىدىن،
ئەيلەر ئىدى نالە - زارە ۋە پەريات.
غەمكىن بولۇپ نامرات ئەلنى كورگەندە،
زەھەر يۇتۇپ، دىلىدىن ئاھ ئۇراتتى.

راۋا بولار مۇنداق ياۋنى جازالاش،
مەرتلىرىڭنى باشلاپ چىقىپ قىر ئۈنى!
ھەل قىلىنسا مۇرەسسەدە ئەگەر ئىش،
ياۋنىڭ بىكار قىرىلمىسۇن قەھرىڭدىن.
ئەگەر ياۋنىڭ كەلسە ساڭا يالۋۇرۇپ،
ئۇچمەنلىكنى ئىلىپ تاشلا قەلبىڭدىن.
تىلەپ كەلسە بەر ئۈنىڭغا ئامانلىق،
بىراق ھەزەر ئەيلە دائىم مىكرىدىن.
قىرى ئادەم بولار ھامان تەدبىرلىك،
باش تارتمىغىن قىرىلارنىڭ پىكرىدىن.
قىرى ئەقىل، ياشلار قىلىچ ئىشلەتسە،
ئاغدۇرۇلار يۈكسەك تومۇر قەلئەلەر.
يىڭەلەيدۇ ياشلار شىرنى، پىلىنىمۇ،
بىراق تۈلكە داستانىدىن بىخەۋەر.
نىشانلاپ قوي قاچىدىغان يولىنىمۇ،
زەپەر كىمدە، بولماي قالسا ھىچ بىلىپ.
مەيدان ئارا قاچسا ئەگەر لەشكىرىڭ،
ئولۇپ كەتمە ئوز پاداڭدىن ئايرىلىپ.
چەتتە بولساڭ ساقلا قىچىپ جىنىڭنى،
زەبەردەست تۇر بولساڭ ئەگەر ئورتىدا.
قانچە كۈچلۈك بولغاندىمۇ ياۋىڭدىن،
تۇنىپ قالما ھەرگىز ياۋنىڭ يۇرتىدا.
ئەللىك كىشى ھۇجۇم قىلسا كىچىسى،
بەش يۈز دۈشمەن ھەرگىز ئامان قالمايدۇ.
يول توسماقچى بولساڭ تۈندە ھۇشيار بول،
بەلكى ياۋنىڭ پىستىرمىدا پايلايدۇ.
بىر كۈنلۈك يول قالغان بولسا ياۋىڭغا،

كېيىن پۇرسەت تېپىپ شىلغىن پوستىنى.
ھىلە بىلەن چۈشتى رۇستەم ئەسىرگە،
ئىسفەندىيار ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدى.
ھەزەر ئەيلە خوشامەتچى مىكرىدىن،
تامچە سۇلار توپلىشىپ، سەل بولدى.
ھەدىسىلا مەغرۇرلىنىپ ئۇرما لاپ،
يېڭىپ دوستۇڭ، يېڭىلىسمۇ ياۋ ئەگەر.
دۈشمەنلىرىڭ كوپرەك بولسا دوستۇڭدىن،
دوست ئېچىنىپ، شات بولىدۇ دۈشمەنلەر.
ھۇجۇم قىلما كۈچلۈك بولسا دۈشمىنىڭ،
قىلىچ يۈزى تۇتما كېسەر قولۇڭنى.
سەن تەرەپتە بولغاندىمۇ غەلىبە،
ئاجىزلارغا غادايتمىغىن بوينۇڭنى.
زور پەھلىۋان بولساڭمۇ سەن قانچىلىك،
ياخشىراقتۇر جەڭدىن كورە ياراشماق.
مۇرەسسەگە كېلەلمىسەڭ مۇبادا،
كوتەر ئاندىن دۈشمىنىڭگە سەن ياراق.
رەت قىلمىغىن ياۋنىڭ يارىش ئىستىسە،
بويۇن تارتما چىلىلىسمۇ كۈرەشكە.
بۇنىڭ بىلەن تامام بولۇپ ئۇرۇشمۇ،
كۈچ - قۇدرىتىڭ ئىگە بولار ئورلەشكە.
ئالدى بىلەن ئۇرۇش ئاچسا دۈشمىنىڭ،
قىر ئاياۋسىز بولغاچ ئۇزى گۇناھكار.
ئۇ ئاداۋەت قىلغاچ ئۇرۇش باشلىدى،
ئاداۋەتكە مېھرىۋانلىق بولماس يار.
مېھرىۋانلىق، رەھىمدىللىك كورسەتسەڭ،
ياۋنىڭ ئارتۇق قىلىپ ئالار كىبرىنى.

ئۇرۇشلاردا زەپەر تاپار شاھ ئەگەر،
قوسقى توق، خوشال بولسا ئەسكىرى.
گەر يوق بولسا ۋاپا بىلەن ئىنتىزام،
ئۇرۇشلاردا جان تىكمەيدۇ ھەربىرى.
مەرت دىمەيمىز ئۇز غېمىدا پايپاسلاپ،
قانلىق جەڭدە كۆچ بەرمىگەن بەگلەرنى.
ئالتۇنگىنى لەشكەرىڭگە بەرمىسەڭ،
قىلىچ تۇتماي، تاشلاپ كېتەر جەڭلەرنى.
ئەگەر قوشۇن بولسا نامرات، ئاۋارە،
جەڭدە مەرتلىك كورسەتمىسە نە چارە؟

× ×

ياۋ ئۇستىگە ئەۋەت مەردۇ - مەردانىنى،
شىر جېڭىنى پەقەت شىرلار بىلىدۇ.
ئىش يۇرگۈزگىن قېرىلارنىڭ رايىچە،
قېرى بورى ھامان ئۇۋچى كېلىدۇ.
ئەنسىرىمە يىگىت بولسا قىلىچۋاز،
قېرىلاردىن سەگەك تۇتقىن قۇلاقنى.
جاھانكەشتە ئەرلەر ئاقىل، مەرت كېلەر،
كورگەن ئۇلار نۇرغۇن ئىسسىق - سوغاقنى.
بەختى كەلگەن ياشلار مەغرۇر بولمىسۇن،
قېرىلارغا سالسۇن قۇلاق ئەل بولۇپ.
يۇرتۇم ئاۋات بولسۇن دىسەڭ، يۇرمىگىن —
ئۇلۇغ ئىشنى كورۇنگەنگە تاپشۇرۇپ.
لەشكەر بېشى بولسا ئۇرۇش كورمىگەن،

چىدىر تىككىن ئاشۇ جايدا، بول ھوشيار.
ھۇجۇم قىلسا سەندىن بۇرۇن غەم يىمە،
ئەفراسىياپ① بولغاندىمۇ قىل تارمار.
ياۋنىڭ ئەگەر تۇيۇقسىزلا ئوت قويسا،
بۇ قۇۋەتتىن كەتكەنلىكنىڭ دىرىكى.
لەشكەرلىرى قاپتۇ دىمەك ھالسىراپ،
قىرىپ تاشلا، تىترەپتۇ يۈرىكى.
دۇشمەن قاچسا ئۆزەڭ يالغۇز قوغلىما،
دوستلىرىڭدىن كەتمە ھەرگىز ئۇزاقلاپ.
ئېھتىيات قىل، قورشاپ ئالار دۇشمىنىڭ،
مەيدان ئارا كەتسە ئەگەر چاڭ قاپلاپ.
شاھلار ئۈچۈن خەۋپلىكتۇر جەڭ ئارا،
ئولجا ئىزلەپ ماڭسا قوشۇن شىددەتلىك.
ئىززەتلىگىن، ئاشۇر يەنە قەدرىنى،
پالۋانلىرىڭ بولسا جەڭدە جۈرئەتلىك.
يۈز بەرسىمۇ ھەرقانچە جەڭ - جىدەللەر،
شاھى ئۈچۈن قىلار ئۇلار جان پىدا.
باتۇرلارنى ھەممە ۋاقىت شات ئەيلە،
ئەمەس يالغۇز جەڭ - جىدەللەر ۋاقتىدا.
تىنىچ چاغدا ئەسكىرىڭنى خوشال تۇت،
ئۇرۇش ۋاقتى كارغا يارار ئەلۋەتتە.
ئەسكەر بىلەن ئامان بولار مەملىكەت،
شۇڭا دائىم تۇت ئۇلارنى شەپقەتتە.

---

① ئەفراسىياپ — تۇران، يەنى تۈركىستاننىڭ ئەپسانىۋى پادىشالىرىدىن بىرى.

بۇ ئىككى خىل ئادەملەرنى ئوستۇرسەڭ،
سەن جەڭگەلدە تاپالايسەن شەرەپ - شان.
تۇتالمىسا ياكى قىلىچ، يا قەلەم،
ئولۇپ كەتسە، بولما ھەرگىز ھەسرەتتە.
مەرتلىك ئەمەس ياۋ باستۇرۇپ كەلگەندە،
باغلار ئارا يۈرسە ئەيشى - ئىشرەتتە.
بولسا ئەگەر شاھلار ئويۇن - كۈلكىدە،
بولالمايدۇ سەلتەنەتنى ئىلكىدە.

× ×

جەڭدىن ۋايىم يەپلا ئۆتكىن دىمەيمەن،
تىچلىق قارار تاپسا ياخشى ئەلۋەتتە.
لېكىن ياۋنىڭ كۈندۈزلەرى دوستلىشىپ،
بېسىپ كېلەر تۈن ئۇيقىدا غەپلەتتە.
لىباسىنى يېشىپ لەشكەر چېدىردا،
ئۇخلىمىسۇن بولۇپ زەئىپ ۋە ھورۇن.
تەيارلىنىش كېرەك جەڭگە ئاستىرتىن،
ياۋنىڭ بەلكى بېسىپ كېلەر كەچقۇرۇن.
ئىش يولىنى كوزلە ھامان، سەگەك بول،
قوشۇن ئۈچۈن تومۇر قورغان — قاراۋۇل.

× ×

بولساڭ ئەگەر ئىككى زەئىپ ياۋ ئارا،
ئېھتىياتنى قالما ھەرگىز ئۇنتۇلۇپ.

قوشۇنىڭغا تاپشۇرمىغىن ھەربى ئىش.
چوڭ ئىشلارنى تاپشۇرمىغىن كىچىككە،
ئىزەلمەيدۇ سەندالنى مۇش ياكى چىش.
بولماق قىيىن خەلقپەرۋەر قوماندان،
بۇ ئويۇنچۇق ئەمەس ھەرگىز، ئېغىر ئىش.
خاراپ قىلىپ تاشلار بەلكى جاھاننى،
سىنالمىغان ئەرگە ئۇلۇغ ئىش بېرىش.
چاپار شىرغا پەيتى بىلەن ئوۋ ئىتى،
جەڭ كورمىسە تولكىدىنمۇ قاچار شىر.
ئەركە بولۇپ ئوسكەن ئەركىن ئوغۇللار،
ئۇرۇش پەيتى قاچار قورقۇپ بىرمۇ - بىر.
باتۇر بولۇپ ئوسەي دىسە ئوغۇللار،
قىلىچ ئويناپ ئوۋ قىلغىنى ياخشىراق.
ئەگەر ئوسسە مۇنچىلاردا، ئىشرەتتە،
ئۇرۇش پەيتى بولۇپ قالار قورقۇنچاق.
بىر ياش بالا تاشلالايدۇ ئاغدۇرۇپ،
مۇنداق ئىككى تۇرلۇك ئادەم ئات مىنسە:
بىرى ياۋنى كورسە بەتتەر قاچىدۇ،
ئولتۇر ئۇنى ياۋ قولىدا ئولمىسە.
بىرى بولسا زەيپاندۇر، زاڭ چىلىش،
خۇمسە مىجەز، ھەردىدىن بەك قورقۇنچاق.
ئەگەر جەڭدە قوپۇپ قاچسا مۇنداقلار،
ئوزىنمۇ، جەسۇرنىمۇ قويماس ساق.

× ×

شاھى جاھان! ساقلا ئىككى خىل ئادەم،
ئۇنىڭ بىرى ئاقىل، بىرى پەھلىۋان.

سەن تەرەپتىن ئەسىر بولار بىر پالۋان،
سەن ئەسىرنى بۇ تەرەپتە ئۇلتۇرسەڭ
ئۇ تەرەپتە پالۋىنىڭمۇ بىرەر جان.
ئەسىرلىكنى بىلمەيدىغان كىشلەر،
ئەسىرلەرگە قورقماي زۇلۇم ئەيلەيدۇ.
ئەسىرلىكنى ياخشى بىلسە مۇبادا،
تۇتقۇنىغا خەيرىيەتلىك تىلەيدۇ.
ئەگەر ساڭا بويۇن ئەگسە بىرەر بەگ،
ياخشى كۈتسەڭ، باشقىلارمۇ ئىگىلەر.
ئالالىساڭ ئۇن كىشىنىڭ كۆڭلىنى،
يۈز ھۇجۇمدىن كورە بولار موتىۋەر.

× ×

دوستلۇق قىلسا دۈشمىنىڭنىڭ تۇققىنى،
ھەزەر ئەيلە، ئېھتىيات قىل ئۇنىڭدىن.
تۇققىنىغا ئىچى كويۇپ، يان بېسىپ،
ئەلەم بىلەن ئۇچ ئالماقچى سېنىڭدىن.
شىرىن سوزلۇك غەرەزلىكتىن ھەزەر قىل؛
زەھەر باردۇر ئۇ ئۇزاتقان ھەسەلدە.
ھەركىم بولسا يېگىلىدۇ ياۋىدىن،
ئوز دوستىنى دۈشمەن بىلسە ئەگەردە.

× ×

ئوز شاھىغا قارشى چىققان بەگلەرنى،
ئىشقا قويما، ئېھتىياتتىن بولمايدۇ.

تىلنى بىر قىلىپ ئالسا ئىككىسى،
كۈچلىنىدۇ جاسارەتلىك ياۋ بولۇپ.
ھىلە بىلەن ئاۋارە قىل بىرىنى،
بىرى زەربەڭ بىلەن بولسۇن يۈز پارە.
ئەگەر دۈشمەن قىلسا ساڭا جاھىللىق،
بېشىنى ئال تېپىپ ئەقىل ۋە چارە.
ياۋ ئىچىگە نىزاھ چۈشسە ئارام ئال،
قىلىچىڭنى ئىرتىپ سالغىن غىلاپقا.
دوستۇڭ بولسۇن دۈشمىنىڭنىڭ دۈشمىنى،
شۇندا ياۋىڭ چۈشۈپ قالار ئازاپقا.
بىر - بىرىنى تالاپ قالسا بۆرىلەر،
قويلار ئارام ئالار ئاشۇ پۇرسەتتە.
ئىككى ياۋىڭ تالاش قىلسا ئۆزئارا،
دوستلار بىلەن ياشا ئىناق ھۆرمەتتە.

× ×

ئۇنۇتمىغىن يارىشىشىنىڭ يولىنى،
جەڭلەر ئارا يۈرگەندىمۇ تىغ بىلەن.
بىلىملىكلەر، باھادىرلار دولىتى،
ياراش ئىستەر، جەڭ قىلىدۇ ئۇ شەكلەن.
دىل ئىۋۋلاشنى بىلسەڭ ئەگەر، كوپ مەرتلە،
ئۆزى كېلىپ ئايىغىڭغا قويار باش.
لەشكەر بېشى ئەسىر چۈشسە ياۋىڭنىڭ،
تەدبىر ئەمەس ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراش.
كىم بىلىدۇ، ئاشۇ پەيتتە ياۋغىمۇ،

كىشىلەرگە ئايان قىلما سىرىڭنى،
ئۆلىيەتتىلەرنىڭ گەپ تۇشۇيدۇ كوپ ھالدا.
شەرق بىلەن ئۇرۇشقاندا ئىسكەندەر،
چىدىرىغا ئىشىك قويغان غەرپتىن.
مەشرىق بىلەن كەلدى بەھمەن① زابۇلغا②،
چەگدىن ئاۋال شەپە بېرىپ مەغرىپتىن.
سىرلىرىڭنى بىلىپ قالسا ئۆزگىلەر،
يوللىرىڭدىن ۋاز كەچ، ماڭما سەن پەقەت.
قايىل قىلاي دىسەڭ ئەگەر جاھاننى،
ئۇرۇش قىلما، خالايىققا قىل شەپقەت.
ئەگەر ئىشىڭ شەپقەت بىلەن بولسا ھەل،
يامانلىققا تارتما ھەرگىز كىشىنى.
رەنجىشنى ئىستىمىسەڭ كوڭلۈڭنىڭ،
ئوڭلا ئاۋال رەنجىگەنلەر ئىشىنى.
ئەگەر كۈچۈڭ دۈشمىنىڭدىن كەم بولسا،
غېرىبلاردىن ئىزلە دۇئا - تىلاۋەت.
كۈچ بېرىدۇ باتۇرلاردىن ياخشىراق،
چەگلەر ئارا قىلماس سېنى خىجالەت.

---

① بەھمەن — قەدىمقى زاماندىكى ئىران پادىشالىرىدىن بىرى.

② زابۇلستان — ۋىلايەت نامى.

ئۆز شاھىنىڭ ئىززىتىنى بىلمىگەن،
سېنىمۇ ھەم ھەرگىز ئامان قويمايدۇ.
ئىشەنمىگىن ۋەدىلەرگە، قەسەمگە،
ئادەم قويۇپ قىلغىن پىنھان نازارەت.
ئاغامچىنى ئۈزۈن تاشلاپ كۆرۈپ باق،
بوشاتمىغىن، قېچىپ كېتەر ئاقىۋەت.

× ×

ئۇرۇش بىلەن ئالساڭ بىرەر دۆلەتنى،
ئۆزلىرىگە تاپشۇر، بۇدۇر توغرا يول.
قان ئىچمەكچى بولسا ئەگەر مەھكۇملار،
ئالدى بىلەن زوراۋانغا سالار قول.
دۈشمەنلەردىن تارتىۋالساڭ بىر يۇرتنى،
قىل خەلقنى ئۆزىدىن بەكرەك پاراۋان.
ئۇرۇش بولۇپ قالسا ئەگەر قايتىدىن،
سەن تەرەپتە بولۇپ ياۋدىن ئالار جان.
جەۋرى - زۇلۇم سالساڭ شەھەر خەلقىگە،
بىكار كېتەر ياۋغا ئىشلەك ياپقىنىڭ.
دۈشمەن يالغۇز تاشقىرىدا بولمايدۇ،
بۇ ئىشلەردۇر يەنە دۈشمەن تاپقىنىڭ.

× ×

ياراش ئىستەپ نىيىتىڭنى يوشۇرغىن،
ئەگەر ياۋىڭ يامان بولغان ئەھۋالدا.

ئۆز كۈنۈڭگە شۈكرى قىلغىن سەن يەنە،
ئۆرۈق قويما تىلەپ كەلسە دىۋانە.

× ×

سىلا ھامان يىتىملەرنىڭ بېشىنى،
پۈتلىرىغا تىكەن كىرسە ئال دەرھال
مەيۈس يىتىم تۇرغان بولسا ئالدىڭدا،
ئۆز ئوغلۇڭنى ئەركىلىتىپ قىلما لال.
كىم تەسەللى بەرگەي يىتىم يىغلىسا،
ئەركىلىتىپ ئۆپىتىدۇ كىم يېشىنى؟
سۈرتۈپ قويغىن يۈزلىرىنى باسسا چاڭ،
رەھىم قىلغىن، سىلا ئۇنىڭ بېشىنى.
بولمىسا گەر تونۇشلىرى، تۇققىنى،
بېقىۋالغىن، پەرۋەرىش قىل سەن ئۇنى.
ئاتام ھايات تۇرغىنىدا پۈت دەسسەپ،
شاھ ئىدىمكى، بېشىم ئۈزرە تاجىم بار
بىرەر پاشا قونۇپ قالسا يۈزۈمگە،
ئەنسىرەيتتى ھەتتا خولۇم - خوشنىلار.
مانا ئەمدى دۈشمەن ئىسىر قىلىسىمۇ،
ھېچكىم ياردەم بېرەلمەيدۇ يۈرەكلىك.
ماڭا ئايان گۆدەكلەرنىڭ ھەسرىتى،
ئۆز بېشىمدىن كەچكەن مېنىڭ گۆدەكلىك.
غۇرۇرلانما خەيرى بەرسەڭ بىراۋغا،
مەن ئۇلۇغ دەپ بولما ھەرگىز مىننەتتە.
ئىشلەپ تاپقىن كەلسە ئەگەر قولۇڭدىن،
قەدرىڭ يۈكسەك بولار پەقەت مېھنەتتە.

# ئىككىنچى باپ

## ئېھسان توغرىسىدا

مەنىلەرگە ئېرىش ئەقلىڭ بار بولسا،
سۈرەت كېتىپ مەنا قالار مۈكەممەل.
ئۆزگۈردە تىنىچ ياتار ئۆلۈكمۇ،
ئەگەر ئۇندىن تېچلىق تاپقان بولسا ئەل.
ئويلاپ قويغىن، ئۆزەڭ ئۆلگەن كۈنۈڭلا،
ئوغۇل - قىزدا قوزغار مىراس ئىشتىياق.
بايلىق بولسا ئەلگە بەرگىن، ئۆلگەندە —
بايلىققۇ بار، سېنىڭ ئەمەس ئۇ بىراق.
خالىمىساڭ رەنجىشىنى دىلىڭنىڭ،
باشقا دىلى سۇنۇقلاردىن ئال خەۋەر.
ئۆز قولۇڭدا بولماس ئەتە ئاچقۇچۇڭ،
ئەل بېشىغا چاچقىن ئەگەر بولسا زەر.
ئىرىنىغىمدىن باشقا قاشلار دۈمبەمنى،
مېھرىۋانىم بارمۇ مېنىڭ دۇنيادا؟
غېرىپلارنى ئىسسىۋسىز قويمىغىن،
نى ئېتەرسەن غېرىپ بولساڭ مۇبادا؟
مۇھتاجلارنىڭ غېمىنى يە توق بولساڭ،
ئۆزەڭگىمۇ كېلىپ قالار مۇھتاجلىق.
ئاچ - زېرىننىڭ كۆڭلىنى شات ئەيلىگىن،
ئۆزەڭگىمۇ دۇچ كېلىدۇ بۇ ئاچلىق.

— ئەل ئىچىدە ھورمىتىنى ساقلىدىم.
نائىنىقتۇر بەلكى سېنىڭ بىلگىنىڭ.
توغرا ئادەم بولسا ئۇنى ياقلىدىم.
ئەگەر سوزى بولسا ھىلە ۋە يالغان،
ئۇنىڭ ئوزى يەيدۇ ئاخىر پۇشايمان.
ئالتۇن بېرىپ ساقلاپ قالدىم قەدرىمنى،
بىجا قىلدىم ئېھسان دىگەن ئەھدىمنى.
ياخشىغىمۇ، يامانغىمۇ ئېھسان قىل،
بەرمىگەندىن بەرگىنىڭدۇر ياخشىراق.
ئەقلىڭ بولسا ئۇچۇق بولغىن پىكىردە.
سەن سەئدىنىڭ سوزلىرىگە سال قۇلاق.
بۇ توغرىدا ئىناۋەتلىك ھەرگېپى،
ئەمەس قاشنىڭ ياكى خالنىڭ تەرىپى.

### ھىكايەت

يۇزمىڭ ئالتۇن تەگگە قالدى بىراۋدىن،
ياخشى ئوغلى بولدى ئاگا مىراسكار.
بېخىللارچە ساقلىماستىن پۇلنى ئۇ،
ئېھسان قىلدى، بولدى سېخى، خالاسكار.
ئىشىگىدىن ئۈزۈلمىدى دىۋانە،
ئويلىرىدە بولۇپ تۇردى مېھمانلار.
ئاتىسىدەك پۇلغا قۇلۇپ سالمىدى،
ئۈزۈلمەستىن قىلىپ تۇردى ئېھسانلار.
دىدى بىراۋ: بەكمۇ ساددا ئىكەنسەن،
توگىتەمسەن بىر يولىلا پۇلۇڭنى؟

## ھىكايەت

بىر ھىلىگەر دىدى بىر كۈن ئاقىلغا:
كىرىپ قالدىم قوتۇلمىدىم توزاقتىن.
بىر ئەبلەختىن قەرز ئالغاندىم ئون دىرەم،
پۇل تاپالماي غەمدە قالدىم ئۇزاقتىن.
كېچىلىرى ئۇيقۇ كەلمەس كوزۇمگە،
ئۇ ئارقامدىن ئەگىشىدۇ كۈندۈزى.
يۈرىگىمگە سانچىلىدۇ خەنجەردەك،
ئۇ ئەبلەخنىڭ سۆيلەپ قىلغان ھەر سوزى.
خۇدا ئاگا ئون دىرەملا بەرگەندەك،
پۇلى يوقتەك ھەر كۈن سۆيلەۋاتىدۇ.
كۈن ئوتكۈزمەي ئىزلەپ كېلەر ھەر كۈنى،
تاڭ ئاتماستىن ئىشىگىمنى قاقىدۇ.
ئويلايمەنكى چىقسا بىرەر ھىممەتلىك،
ماڭا ياردەم بەرگەن بولسا بولاتتى.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇ ئاقىل،
ھىلىگەرگە ئىككى تىللا ئۇزاتتى.
كۈلۈپ كەتتى تىللالارنى ئېلىپ ئۇ،
بىراۋ دىدى ئاقىلغا: ئۇ يالغانچى.
ئۇچرىغاننى ئالدايدىغان ھىلىگەر،
ئولگىنىدە ئەل يىغلىماس ئاق نانچى.
مىنەلەيدۇ ھەتتا شىرنى ئىگەرلەپ،
ئابۇزەيد بولغاندىمۇ بەرمەس نەپ...
ئاقىل شۇ دەم ئاچچىقلاندى بۇ سوزدىن:

دارامەتتىن ئىپھسانى كوپ كېلەتتى،
شۇڭا دائىم يانچۇغى بوش يۈرەتتى.
بىر كەمبەغەل ياردەم تىلەپ خەت يازدى،
ئۇ مۇشكۈلدە بىر تىنىمسىز تۇرغاندا.
تەلەپ قىلدى ئالتۇن تولەپ قۇتقۇزغىن،
ئۇزۇن زامان يېتىپ قالدىم زىنداندا.
سەن سائادەت ساھىبى سەن، مەرت كىشى،
ياردەم قىلغىن، مۇشكۈلۈمنى ئاسان قىل!
ئۇ زىندانغا يېتىپ باردى ۋە ئېيتتى:
— ئەي ياخشىلار، بۇ مەھبۇسقا مەن كېپىل.
بىچارىگە ئەندى ئەرك بېرىڭلار،
كېپىل بولاي قېچىپ كەتسە يىراققا.
كېيىن زىندان ئىچىرە كىرىپ قاچ! دېدى،
پۈتۈك بولسا تۇرغىن دەرھال ئاياققا.
قانداق ئۇچار قۇش قەپەزدىن قۇتۇلسا،
خۇددى شۇڭا ئوخشاپ قالدى بۇ ھالمۇ.
ئازات تۇتقۇن قېچىپ چىقتى زىنداندىن،
ئۇنى قوغلاپ يېتەلمىدى شامالمۇ.
بۇ كىشىنى تۇتتۇۋالدى گۇندىپاي:
— ئالتۇن تولە، ياكى دەرھال تاپ ئۇنى!
قايتىپ ئۇچۇپ كېلەرمىدى قاچقان قۇش،
ياتتى ئۆزى يوق بولغاچقا ئالتۇنى.
ئۇ قاماقتا يېتىپ كەتتى ئاي - يىللار،
يە يىغلىماي، يە ئەيلىمەي پۇشايمان.
ياتار ئىدى زىندان ئىچرە كۆلپەتتە،
بىر ئاق نىيەت ئوتۇپ قالدى شۇ تامان.

ئالدىڭدا بار تېخى تالاي يازۇ - قىش،
مەرتلىكمىدى توساپ قويساڭ يولۇڭنى؟
پۇل بولمىسا يۈرمەسمىدىڭ بولۇپ خار،
ئاڭلىغانمۇ بۇ توغرىلىق قىسسە بار:

## مەسەل

ئوز قىزىغا دىدى دىخان ئايالى:
توق كۆڭلەردە ئاچلىقنىمۇ قىل خىيال.
ئىدىشلارنى توشقۇزۇپ قوي سىز بىلەن،
ئېرىقتا سىز قالماسلىغى ئېھتىمال.
دوستلىرىڭغا توكۇپ بەرمە ھەممىنى،
ئېھتىيات قىل زىيان سالار، دۈشمەندىن.
قولۇڭ ئۇزۇن بولسا ئاسان مۇشكۇلۇڭ،
دېۋىلەرمۇ تەپ تارتىدۇ ھەم سەندىن.
ۋاقتى كەلسە تاپالمايسەن بىر تىيىن،
بارۇ - يوقنى توكمە، ياخشى سەن دىسە.
خەيرىڭ بىلەن. تويۇپ كەتمەس دېۋانە،
ئاچ قېلىشتىن قىلغىن ئوزەڭ ئەندىشە!

## ھىكايەت

يۇكسەك ئىدى بىر ئاقىلنىڭ ھىممىتى،
لېكىن ئاڭا يېتىشمەيتتى دولىتى.
نىمە ئۈچۈن دولەت باردا ھىممەت يوق،
نىمە ئۈچۈن ھىممەت باردا دولەت يوق؟

## ھكايەت

سوزلەپ بېرەي بۈيۈك مەرتلەر ئىشىنى،
مەرت بولساڭ، ئالساڭ ئۇنى قۇلاققا.
بىر خالتا دان ئېلىپ شىبلى① دوكاندىن،
كوتەردى - دە، مېڭىپ كەتتى قىشلاققا.
ئۇ كوردىكى، ئېلىپ كەلگەن دېنىدا،
بىر چۈمۈلە يۈرەر ئىدى پەرىشان.
ئۇنى ئويلاپ ئۇخلىيالماي تۈن بويى،
ئوز جايىغا ئېلىپ كەلدى قىپ نىشان.
دېدى شىبلى: چۈمۈلىمۇ تىرىك جان،
ئوز جايىدىن كەتسە بولماس قوزغۇلۇپ.
شات ئەيلىگىن ئېزىلگەنلەر قەلبىنى،
شۇندا كۈنۈڭ ئوتكەي سېنىڭ شات بولۇپ.
پاك نىيەتلىك فىرداۋىستىن ئاڭلا سوز،
(بولسۇن خۇدا رەھمىتىدە ئۇ ئىنسان).
دېگەن ئىدى: چۈمۈلىنى رەنجىتمە،
ھەممە كەبى ئۇنىڭغىمۇ تاتلىق جان.
ئاجىزلارنى دەسسەپ ئوتمە پەھلىۋان،
بوپ قالارسەن سەن ئوزەڭمۇ ئاجىز جان.
يامان كۈنلەر كېلەر بەلكى بېشىڭغا،
كىمگە ۋاپا قىلغان ئىدى بۇ جاھان!
شامنى قارا! پەرۋانىغا قويدى ئوت،

---

① شىبلى — شەيىخ شىبلى.

دېدى: سېنى ئويلىمايمەن ئوغرى دەپ،
توغرا بولساڭ ياتتىڭ مۇندا نىمىشقا؟
دېدى تۇتقۇن: ئەي مېھرىۋان، ئاق نىيەت،
لايىق ئەمەس مەن ئوغرىلىق قىلىشقا.
بۇ زىنداندا بىر ناتىۋان بار ئىدى،
ئۇ قۇتۇلدى، ماڭا قالدى ماكانى.
مەرتلىكمىدى ئاڭا زىندان بولسا يار،
ماڭا بولسا ئازات يۈرۈش ئىمكانى؟
ئۆلۈپ كەتتى يېتىپ ئاخىر زىنداندا،
ياخشى نامغا ئىگە بولۇپ بۇ ئادەم.
ئۇ ئۆلمىدى، نامى قالدى دۇنيادا،
تىرىكلەردىن كورە بولۇپ مۇھتەرەم.
ياخشى كۆڭۈل ئۆلمەس زامان - زامانلار،
زىيان بولماس ئۆلۈپ كەتسە يامانلار.

× ×

ھاياتىدا ساقلىمايدۇ ئۆچمەنلىك،
ئەگەر ئىنسان كورسە يىراق زامانىنى.
باشاقچىنى ئىتىزلاردىن قوغلىغان،
زىيان تارتماي ئالالمايدۇ خامانىنى.
كۈنى يېتىپ ئۆلسە زامان زالىمى،
ئېزىلگەنلەر كۈن كەچۈرەر بىمالال.
غېرىبلارغا جەۋرى قىلما، ئۆزەڭنىڭ —
غېرىب بولۇپ قېلىشىڭمۇ ئېھتىمال.

دېدى يىگىت: ئەي ساخاۋەت ئىگىسى،
مەن شەپقەتنى باغلاپ قويغان بوينىغا.
ئىنسان قىلساڭ ۋەھشى پىلنى كونۇكۇپ،
ئىگىسىگە بويسۇنىدۇ مۇلايىم.
ھەتتا ئىتمۇ ئاقلار بەرگەن تۇزۇگنى،
يامانلارغا مېھرىۋانلىق قىل دائىم.

## ھىكايەت

كورۇپ قالدى بىراۋ چولاق تۈلكىنى،
دېدى: قىزىق بۇ خۇدانىڭ ئىشلىرى.
بۇ ئەھۋالدا قىلار قانداق تىرىكلىك،
قول - ئاياقسىز ماگالمىسا ئىلگىرى.
ھەيران بولۇپ تۇرار ئىدى ئۇ ئادەم،
يوغان بىر شىر كىيىك تۇتۇپ ئەكەلدى.
تاشلاپ ئۇنى يېدى ئوزى تويغىچە،
قالغىنىغا چولاق تۈلكە تەمشەلدى.
ۋەھشى بولساڭ بولغىن شىردەك ئەي ئاقىل،
تۈلكە كەبى تەلمۇرمىگىن سارقىت دەپ.
ئاشقىنىنى خەيرى قىلغىن ئولجاڭنىڭ،
تويغان بولساڭ ئەگەر ئۇنى ئوزەڭ يەپ.
ئەگەر شىردەك بولغان بولساڭ پەھلىۋان،
تۈلكە مىجەز بولۇپ ئاجىز ئوتمىگىن.
ھالال تېپىپ، دوستلار بىلەن بىللە يە،
بىراۋلارنىڭ سارقىتىنى كۈتمىگىن.
مەرتلىك بولماس ئىشلىمەستىن چىشلىسە،

ئەمما ئۆزى كويۈپ پۈتتى شۇ زامان.
بىراۋ بولسا سەندىن كورە ئاجىزراق،
بىراۋ بولار سەندىن كورە پەھلىۋان.
ۋەھشىلەرنى ئوۋلاش ئۈچۈن كۈچ كېرەك،
ئېھسان كېرەك كوڭۈللەرنى ئوۋلاشقا.
تىغ كېسەلمەس زەنجىرىنى ئېھساننىڭ،
ھەركەت قىلغىن ياۋ بوينىنى باغلاشقا.
يامانلىقلار قىلار دوستى يامانغا،
بۇغداي ئۈنۈپ چىقماس ھەرگىز ئارپىدىن.
بۇ ھاياتتا دوستسىز قالاي دېمىسەڭ،
دوستلىرىڭغا خەنجەر ئۇرما ئارقىدىن.
شەپقەت قىلساڭ ساڭا ياۋلۇق قىلغانغا،
ئاخىر ئۇمۇ ئايلىنىدۇ يارانغا.

## ھىكايەت

چوڭ يولدا بىر نەۋقىراننى ئۇچراتتىم،
قويى بىللە كېلەر ئىدى يول بويى.
دېدىم ئاڭا: ئەگىشىپتۇ بۇ قويۇڭ،
بوينى ئۈزرە بولغاچ پىششىق چىلۋۇرى.
بۇ سوزۇمنى ئاڭلاپ قويى بوينىدىن،
ئۇ نەۋقىران چولۋۇرنى بوشاتتى.
ئۇ يۈگۈردى شۇئان تەرەپ - تەرەپكە،
ئارقىسىدىن قويى بىللە چاپاتتى.
ھەر تامانغا چېپىپ كورۈپ ئوينىشىپ،
ئۇلار ئاخىر يېتىپ كەلدى يېنىمغا.

ئەي ساھىپخان، تۈزەپ ئوقۇ بوسەنى①،
بىزگە توشە② خوپ كېلىدۇ ھەر زامان.
ھورمەت بىلەن كەشمىزنى سۈرتىكچە،
كەش بىلەن ئۈر ئالدىمىزغا قويۇپ نان.
ئېھسان بىلەن يۈز تاپىدۇ مەرت كىشى،
سەن ئىكەنسەن مونداق ئىشتىن بىخەبەر.
كورگەن ئىدىم بىر موغۇلنى تەقۋادار،
سەن ئىبادەت قىلسەنكەن شۇ قەدەر.
سېخىرەك بول، قورقماي قارا ھاياتقا،
قۇرۇق سوزگە چىقماس مۇشۇك ئاپتاپقا.

## ھىكايەت

بىر تۇم قارا ئات بار ئىكەن ھاتەمدە،
ئات يوق ئىكەن ئۈچقۇرلۇقتا بۇ ئاتتەك.
گۈلدۈرماما ئىكەن ئۈنىڭ كىشنىشى،
مىنگەن كىشى ئۈچار ئىكەن چاقماقتەك.
تاغ - سەھرادا چاپار ئىكەن تەر چېچىپ،
گويا يامغۇر توككەن كەبى توپ بۇلۇت.
كەلكۈن بولۇپ ئاقار ئىكەن چوللەردە،
قالار ئىكەن چاڭ كەينىدە توپلىنىپ.
شەھەرلەردە ماختاپتۇ ئەل ھاتەمنى،

① بوسە — سويمەك. بۇ سوزنى ئەرەپچە يېزىشتا ئازراق ئوزگەر-
تىپ توشە ئوقۇشمۇ مۇمكىن.
② توشە — يول ئوزۇغى، يېمەكلىك.

ئۆگەن ھالال ئىشلەپ ياخشى ياشاشنى.
قىرىللارنى قوللا، كۆتكىن ياش بولساڭ.
ئەمما تەلەپ قىلما سېنى قوللاشنى.
ئاقىل كىشى بولار ھامان ھىممەتلىك،
بىخىل ئادەم كۈن ئۆتكۈزەر كۆلپەتلىك.

## ھىكايەت

رۇم شەھرىنىڭ ئەتراپىدا ياشايتتى،
بىر تەقۋادار ھالى - كۈنى پاراۋان.
مۇساپىرلار قىلدۇق ئۈنى زىيارەت،
ھېرىپ - ئېچىپ، كېزىپ يۈرۈپ كوپ جاھان.
ئۇ بىز بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشتى،
ھورمەت بىلەن ئورۇن ئالدۇق ھەممىمىز.
بەدۆلەتكەن، چەكسىز ئىكەن بايلىغى،
بىراق ئۆزى دەرەخ ئىكەن مېۋىسىز.
يۈزى ئىسسىق، سوزى ئىكەن مېھرىۋان،
لېكىن قازان ئاسمىدى ئۇ ئوچاققا.
تۈنى بىلەن قىلدى ئويغاق ئىبادەت،
بىزمۇ ئويغاق نان كىرمىگەچ قوساققا.
تاڭ ئاتقاندا كىرىپ كەلدى ئىشىكتىن،
گەپ - سوزلىرى يەنە شىرىن، مېھرىۋان
ئارىمىزدا بىر شوخ يىگىت بار ئىدى،
سالام بىلەن دېدى ئاغا شۇ ھامان:

نىمە ئۈچۈن ئېيتمىدىڭلار بۇرۇنراق؟
سىلەر ئۈچۈن سويغان ئىدىم ئۇ ئاتنى،
ئۇ تولپارىم تېخى كىچە ئىدى ساق.
كوردۇڭلارغۇ، بوران بولدى ئاخشمى،
بېرىش قىيىن بولدى ماڭا قوراغا.
ئۇيدە ئاتتىن بولەك مېلىم يوق ئىدى،
ئىلاجىسىز سويۇۋەتتىم غىزاغا.
ئەركەكچىلىك بولماس ئىدى مېنىڭچە،
قاراپ تۇرسام، ياتسا مېھمان ئاچ پېتى.
ھاتەم ئۈچۈن ئات ئەمەسمۇ سېخىلىك،
نىمە بوپتۇ سويۇلغاندا بىر ئېتى!
مېھمانلارغا قويۇپ ھاتەم مال، ئالتۇن،
خوش ئېيتىپتۇ، قايتىشىپتۇ كەلگەنلەر.
بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ رىملىق تاجدار،
دەپتۇ: ساڭا بارىكاللا، تاپ زەپەر!
بۇنىڭ بىلەن گېپى پۈتمەس ھاتەمنىڭ،
گېپى تولا ئۇ داڭقى بار ئادەمنىڭ.

## ھېكايەت

### ھاتەم توغرىسىدا ئىككىنچى ھېكايەت

كىمنىڭ سوزلەپ بەرگىنىنى ئۇنتۇدۇم،
ئۇتكەن ئىكەن بىر پادىشا يەمەندە.
غالىپ ئىكەن جاھاندىكى شاھلاردىن،
داڭقى چىققان سېخى ئىكەن ۋەتەندە.

ئۇنىڭ داڭقى رۇم شاھىغا يېتىپتۇ.
ماختىشىپتۇ تەگدىشى يوق سېخى دەپ،
ھەم ئېتىنى قوشۇپ مەدھە ئېتىپتۇ.
دېيىشىپتۇ يەتمەس ئاڭا شۇڭقارمۇ،
چولدە قانات، كېمە بولار دەريادا.
بۇنى ئاڭلاپ شاھ دەپتۇكى ۋەزىرگە:
ئۇيات بولار تارلىق قىلساق مۇبادا.
تۇلپارىنى سوراپ كورەي بىر قېتىم،
بېرىپ تۇرسا دەيمەن ئۇنى راست سېخى.
بېرىپ تۇرماق ئېغىر كەلسە ئۇنىڭغا،
يالغان شوھرەت ئىگىسىدۇر ئۇ تېخى.
بىر ئىلىملىك ئاقىل بىلەن ئون كىشى،
ئاتلىنىپتۇ تەي① تەرەپكە بوپ راۋان.
يەر ئۇلگەندەك ياش توكۇپتۇ بۇلۇتلار،
شامال بولسا ئۇتەر ئىكەن بېرىپ جان.
يېتىشىپتۇ ئۇلار ھاتەم ئويىگە،
تەشنا كىشى سۇغا بېرىپ يەتكەندەك.
ئۇ ئات سويۇپ، توكۇپتۇ كوپ قەن - گىزەك،
ئىتەك - ئىتەك مۆۋە - چىۋە توككەندەك.
مېھمان بولۇپ تۇنەپ قاپتۇ كەلگەنلەر،
تاڭ ئاتقاندا تەلەپ قاپتۇ ئېتىنى.
ھاتەم بىردىن بولۇپ قاپتۇ پەرىشان،
ھەسرەت بىلەن تۇتۇپ ئاستا بېشىنى.
دەپتۇ ھاتەم: ئەي ئاقىلى زۇفۇنۇن،

① تەي — قەبىلە نامى.

دېدى مېھمان: مۇمكىن ئەمەس زادىلا،
جونەپ كېتەي، ھازىر ماڭا ئىش مۇھىم.
دېدى يىگىت: ئېيتىڭ ماڭا، نىمە ئىش؟
بەلكى سىزگە تېگىپ قالار ياردىمىم.
— مەيلى ئېيتاي، — دېدى چاپار، — قۇلاق سال،
يىگىت بولساڭ سىر ساقلىغىن، بول ھۇشيار.
تونۇمسەنكىن، بۇ يۇرتۇڭدا بەك دانا،
داڭقى چىققان ھاتەم دېگەن بىراۋ بار.
نىمە گۇنا قىلغان ئىكىن بىلمىدىم،
بېشى لازىم بوپتۇ يەمەن شاھىغا.
بولار سېنىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمىڭ،
باشلاپ بارساڭ ئۇنىڭ تۇرار جايىغا.
بۇنى ئاڭلاپ كۈلدى يىگىت: ھاتەم مەن!
لازىم بولغان بولسا بېشىم مانا، كەس.
يامان بولار قالسا ئەگەر تاڭ يوروپ،
تۈندىن قالساڭ ئىشىڭ سېنىڭ بولار تەس.
تۇتتى باشنى قىلىپ ھاتەم سېخىلىق،
بۇ قىسسىدىن قالدى چاپار تەمتىرەپ.
كېيىن يەرگە ئېتىۋەتتى ئۆزىنى،
پۇتلىرىنى سويدى ئۇنىڭ ئومۇلەپ.
يىغان قىلدى قويۇپ قولنى كوكسىگە،
شەمشىرىنى تاشلىۋەتتى بىر ياققا.
دېدى: مەرتلىك ئەمەس ھەرگىز بۇ ئىشىم،
قانداق زەرەر يەتكۈزدەي سەن زاتقا!
ھاتەم بىلەن قۇچاقلىشىپ، خوشلىشىپ،
يەمەن ياققا جۆنەپ كەتتى ئۇ چاپار.

دېسەڭ بولار ئۈنى ئېھسان بولۇتى،
يامغۇر كەبى زەر توكەركەن ھەر كۈنى.
بىراق داڭقى ئارتۇق ئىكەن ھاتەمنىڭ،
ھەسەت ئوتى ئىچرە قويمىش بۇ ئۈنى.
ئۇ دەيدىكەن: ئۈنىڭ تاجى بولمىسا،
نىمە ئۈچۈن تاپتى مۇنچە ئېتىۋار؟
قىلالمىسا يە شاھانە بەزمىلەر،
ئەل ئىچىدە مۇنچىلا زور داڭقى بار؟
سوزلەر ئىدى خەلق دائىم ھاتەمنىڭ،
ئېھسانىنى، خەيرىيەتلىك ئىشىنى.
دېدى بىر كۈن كورەلمەسلىك قىلىپ شاھ:
ئېپ كېلىڭلار شۇ ھاتەمنىڭ بېشىنى!
ھاتەم تىرىك مېنىڭ داڭقىم چىقماس دەپ،
بەنتەي① گە ماڭغۇزدى بىر ئادەمنى.
مېڭىپ كەتتى يولغا سالغان جاللادى،
مەخپى بېرىپ ئولتۇرۇشكە ھاتەمنى.
يول ئۈستىدە ئۇچراشتى ئۇ چاپارغا،
ئۇچرىق چىراي، ھەممەتلىك بىر نەۋقىران.
ئۇ مېھماننى كورۇپ، شىرىن سوز بىلەن،
تەكلىپ قىلىپ باشلاپ كەتتى ئوي تامان.
ئىززەت - ھورمەت بىلەن كۈتۈپ، مېھماننىڭ —
تاش كوڭلىنى يۇمشاق قىلدى ئۇ پۈتۈن.
سەھەر تۇرۇپ قوللىرىنى سويدى ئۇ،
دېدى: يەنە ئوينىاپ كېتىڭ بەش - ئون كۈن.

---

① بەنتەي — تەي قەبىلىسى.

دۈشمەننىمۇ، دوستلارنىمۇ تىللىدى.
كېلىپ قالدى پادىشامۇ شۇ پەيتتە،
كەلگىنىنى سەزمەي قالدى ئۇ كىشى.
گەپ قىلالماي قالدى شاھمۇ نائىلاج،
قۇلىقىغا كىرگەچ ئۆزىنىڭ سوكۈشى.
بەگلىرىگە باقتى بولۇپ خىجالەت،
دېدى: مېنى تىللايدۇ بۇ نېمىشقا؟
دېدى بىرى: كاللىسىنى ئال ئۇنىڭ،
سەل قارىساڭ خاتا بولار بۇ ئىشقا.
قاراپ باقتى شاھ ئۇنىڭغا كوز سېلىپ،
ئىشەك لايدا، ئۆزى نامرات بىر ھالدا؟
ئويلاپ قالدى ئەپۇ بولسۇن گۇنايى،
جەھلى تۇتۇپ تىللىمامدۇ شۇ ھالدا.
قانداق گۈزەل قىساس پەيتى ياخشىلىق،
شاھ ئات بەردى، ئالتۇن بەردى نامراتقا.
دېدى بىراق: بەك ئەقىلسىز ئىكەنكەن،
ئىرىشمىگىنىڭ ماھال ئىدى ھاياتقا؟
ئۆز ئەھدىمنى بىجا قىلدىم دېدى شاھ،
ساڭا قىلغان بۇ شەپقىتىم ئارقىلىق.
يامانلىققا يامانلىققۇ بەك ئوڭاي،
قىيىن ئىشتۇر يامانلىققا ياخشىلىق.

### ھىكايەت

پۇلى نۇرغۇن باي بار ئىدى، ياشايتتى —
ئىشلىتىشكە كوزى قىيماي قىيناپ جان.

چۈشەندى شاھ قاراپ كەلگەن چاپارغا،
تاپشۇرۇقتا بىرىلمەپتۇ ئېتىۋار.
دېدى: كېسىپ كەلمەپسەنغۇ بېشىنى،
بولماسمىدى كەلسەڭ سېلىپ خوجۇنغا؟
نېمە بولدى؟ كۈچۈڭ يەتمەي قالدىمۇ،
ياكى يولدا دۈچ كەلدىڭمۇ ھۈججۇمغا؟
سويۇپ يەرنى بۇ دىۋ يۈرەك پەھلىۋان،
ئۆز شاھىغا دۇئا قىلدى شۇھامان.
دېدى: يولدا ئۇچراتتىم مەن ھاتەمنى،
قايىل بولدۇم كورۇپ ئۇ مەرت ئادەمنى.
ئاڭلىغانغا لايىق ئىكەن ھىممىتى،
مەندىن كورە يۈكسەك ئىكەن ھۆرمىتى.
قاراپ تۇرۇپ ئالالمىدىم بېشىنى،
ئۇ بېشىنى ئالدى مېنىڭ ئېھساندا.
دېدى چاپار، ئېيتتى بولغان ئىشلارنى،
شاھمۇ قايىل بولۇپ قالدى شۇ ئاندا.

## ھىكايەت

بىردىن لايغا پېتىپ قالدى بىراۋنىڭ،
چول ئىچىدە ھەيدەپ ماڭغان ئىشىكى.
تۈن قاراڭغۇ، يامغۇر يېغىپ تۇراتتى،
پاتقاق ئىدى چەكسىز چولنىڭ ئۆتكىگى.
تىللىدى ئۇ نېمە كەلسە ئاغزىغا،
بۇ ئۆنىڭغا بەكمۇ ئېغىر كۆرۈن ئىدى.
تىللىدى ئۇ گادايىنمۇ، شاھىنمۇ،

بىخىل ئادەم تىترەيدۇ يىلاندەك،
ئۇزاق يىللار ساقلىنىدۇ ئالتۇنى.
كۇنى يېتىپ ئەسىر بولسا ئەجەلگە،
شۇ كۇنىلا تەقسىم قىلار تېز ئۇنى.
چومۇلىدەك توشۇپ توپلا، يىغىن ھەم،
قۇرۇتلارغا يەم بولۇشتىن مۇقەددەم.
نەسىھەتتۇر بۇ سەئدىنىڭ سوزلىرى،
ئەمەل قىلساڭ نەپ بېرىدۇ ھەرقاچان.
كۇنۇڭ ياخشى ئوتەر بۇنى چۈشەنسەڭ،
چۈشەنمىسەڭ يەپ قالىسەن پۇشايمان،

## ھىكايەت

بىر دەرۋىشكە ئىھسان قىلىپ بىر يىگىت،
ھاجىتىنى راۋا قىلدى، بەردى نەپ.
نىمە گۇنا قىلغان ئىكىن بىلمىدىم،
شاھتىن بۇيرۇق بولدى ئۇنى ئىسىڭ دەپ.
تۇشمۇ ـ تۇشتىن بەگلەر كەلدى ئۇ كۇنى،
مەيدان ئارا ئەل توپلاندى كورمەككە.
بۇ سورۇنغا كەلدى دەرۋىش، كوردىكى،
يىگىت تۇتقۇن ۋە يۇزلەنگەن ئولمەككە.
ئۇ يىگىتكە ئىچىندى چىن كوڭلىدىن،
پىلان قۇردى، قالمىدى ھىچ تەمتىرەپ.
بىردىن يىغلاپ كەتتى دەرۋىش ۋاقىراپ:
شاھىم ئولدى، ئالەم يېتىم قالدى، دەپ.
پەرىيات قىلدى يۇز ـ كوزىنى تىرناقلاپ،

يمەس ئدى ئاچ يۇرسمۇ كۈنۈ ـ تۈن،
ۋە ھېچكمگە قلماس ئدى ئۇ ئېھسان.
قۇلى بولۇپ قالغان ئدى ئالتۇننڭ،
ئالتۇنغمۇ سېلپ قويغان ئۇ كشەن.
كومگەن جاينى بايقاپ قالدى ئوز ئوغلى،
يوشۇرسمۇ ئالتۇنلارنى پەم بلەن.
قارا تاشنى كومۇپ قويۇپ ئورنغا،
ئالتۇنلارنى ئالدى ئوغۇل سۇغۇرۇپ.
زەر تۇرامدۇ سېخى، مەرتنڭ قولدا،
يدى، ئچتى ۋە ئويندى شوخلنپ.
يۈزلرنى كاچاتلدى ئاتسى،
بۇ يوقالغان ئالتۇنلارنڭ دەردىدە.
كېچلرى يغلار ئدى ئاھ ئۇرۇپ،
ئوغلى بولسا ئوينار ئدى بەزمدە.
ئوغلى ئاڭا كۈلەر ئدى تاڭلرى:
— ئاتا! ئادەم كۈنى ئوتەر ئاش بلەن.
ئنسان زەرنى خەجلەش ئۈچۈن يغدۇ،
كومۇپ قويساڭ تەڭ بولامدۇ تاش بلەن؟
ترىكچلك يولى ئزلەپ ئادەملەر،
تاش باغرنى يارار ئالتۇن كاندا.
بېخللارنڭ قولدىكى ئالتۇنلار،
ياتقان ئوخشاش يەنە تاشنڭ باغردا.
باللرڭ بلەن بللە يمەسەڭ،
ئالتۇنلرڭ بولار ساڭا ئاھ ـ پغان.
ئالتۇنى بار بېخل بايدۇر مسالى —
ئالتۇنلارنى بېسپ ياتقان چوڭ يلان.

زوراۋاننى مالۇ - جانىدىن جۇدا قىل،
قانىتىنى يۇلغىن بولسا يامان قۇش.
باغلىرىڭنى خالاس قىلغىن تىكەندىن،
كوچەت ئۇستۇر، مېۋە بىلەن تولۇقلا.
ئاجىزلارغا مېھرىۋانلىق قىلسا كىم،
ئاڭا ھۆرمەت ئىزھار قىل ۋە ئۇلۇغلا.
ئەلگە زۇلۇم، رەھىمسىزلىك بولىدۇ،
زوراۋانغا شەپقەت قىلساڭ سەن بىراق.
ئوت ئىچىدە كويگەندىن جاھاننىڭ،
ئوت قويغۇچى ئوزى كويسە ياخشىراق.
كىم ئوغرىغا مېھرۇ - شەپقەت كورسەتسە،
ئۇزىنىڭ ئوزى ئوغرى ياكى قاراقچى.
كوككە سورۇ زوراۋاننى كول قىلىپ،
ئادىل بولار بولساڭ زۇلۇم قىلماقچى

## ھىكايەت

ئاڭلىدىمكى، بىر كىشىنىڭ ئويىگە،
گىژىلدىشىپ ئوۋا سالىپتۇ ھەرىلەر.
ئاتا راسا بىزار بولۇپ قىزىغا،
بۇ ھەرىنىڭ ئۇگىسىنى بۇزغىن دەر
ياق، بۇزماڭلار دەپ توسىدى ئايالى،
بۇزماق گۇنا بۇ مىسكىننىڭ ئويىنى.
ئېرى ئويدىن چىقىپ كەتتى ماقۇل، دەپ،
چاقتى ھەرە بۇ ئايالنىڭ ئوزىنى.
نادان ئايال قىپتۇ پەريات ۋاقىراپ،

جاللات تېنەپ قالدى قەتىل پەيتىدە.
ھەممە يۈگرەپ كەتتى دەرھال سارايغا،
بىراق شاھى تىرىك ئىدى تەختىدە.
يىگىت قاچتى، لېكىن دەرۋىش تۇتۇلدى،
ئۇنى باغلاپ ئېلىپ باردى ئوردىغا.
شاھ سوراقتا تارتتى ئۇنى: نېمىشقا —
مۇنچە ئۇلۇم تىلەپ قالدىڭ سەن ماڭا؟
باتۇرلىنىپ سوز باشلىدى بۇ دەرۋىش:
— ئەي شاھىنشاھ! ھوكمىڭدىدۇر بۇزامان.
ئۇلدى دىسەم كېتەرمىدىڭ راست ئۇلۇپ؟
ئەمما ئامان قالدى بىر ياش نەۋقىران.
بۇ دەرۋىشنى ئەپۇ قىلدى شاھ دەرھال،
سوزلىرىنى ئاڭلاپ، بولۇپ كوپ خوشال.
يىگىت قېچىپ بارار ئىدى شۇ پەيتتە،
يىراق ياققا بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ.
بىراۋ ئۇچراپ سوراپ قالدى ئۇنىڭدىن:
بۇ ئۇلۇمدىن قالدىڭ قانداق قۇتۇلۇپ؟
يىگىت ئاڭا ېچىرلىدى: ئايا، دوست،
مەن نىجاتنى تاپتىم بۇگۇن ئېھساندىن.
ئۇنۇپ چىقار يەرگە چاچقان ئۇرۇغۇڭ،
ئاچلىق كۇنى شەپقەت قىلار ئۇداندىن.

× ×

ياخشى دىدۇق ئىلتىپاتنى، ئېھساننى،
ئۇچرىغاننى قىلىۋەرمە بىراق خوش.

ھېكمەت دىسەڭ بۇ سەئىدىگە قۇلاق سال،
بۇ پەندە ئۇ ئۇتكەن سەندىن مۇقەددەم،

## ئۇچىنچى باپ

### مۇھەببەت توغرىسىدا

ئەگەر ئىشىق چۇشۇپ قالسا كوڭلۇڭگە،
شۇندىن باشلاپ تۇگەر سەۋرۇ - ئاراملىڭ
يارنىڭ ھوسنى كوزلىرىڭگە كورۇنۇپ،
ئۇخلىماققا بولماي قالار ئامالىڭ.
يالۋۇردىسەن پۇتلىرىغا باش قويۇپ،
كوزلىرىڭگە كورۇنمەيدۇ جاھانمۇ.
ئالتۇن توكسەڭ سالماي قالسا ئۇ نەزەر،
بىلەلمەيسەن ئالتۇنمۇ ئۇ سامانمۇ؟
ئۇ بار جايدا سىغماس دىلغا باشقا يار،
بولالمايسەن ئۇزگە بىلەن ھەمنەپەس.
ئۇز ئىلكىڭدە بولماس سەۋرى - تاقىتىڭ،
بوپ قالسەن رەسۋالىقتىن غەم يىمەس.
جان سورىسا ئايىمايسەن جېنىڭنى،
قىلىچ ئۇرسا تۇتۇپ بېرىپ بېشىڭنى.

### ھكايەت

ناخشا ئېيتار ئىدى بىر كۈن ئىشقۋاز،
يارى ئاگا تەگكەش ئۇسۇل دەسسەيتتى.

دەپتۇ ئېرى كورۇپ ئۇنىڭ ھالىنى:
قوي، يىغلىما، بۇزاي دىسەڭ، مىسكىن دەپ،
ئۆزەڭ قوغداپ قالمىدىڭمۇ ھەرنىنى؟
يامانلارغا قىلسا كىمكى ياخشىلىق،
ئۇندا بەتتەر ئەۋج ئالغاي يامانلىق.
ئەقلىڭ بولسا، بولساڭ ئەگەر ئۆزەڭ مەرت،
يامانلارغا بەرمە ھەرگىز ئامانلىق.
چەڭ ۋاقتىدا نەيزە بولغان قومۇشلار،
ئىمىش شىكەر قومۇشىدىن ئاجىزراق.
بۇ ھىكمەتلىك سوزنى ئېيتقان بىر كىشى:
"ئاساۋ ئاتنىڭ يۈكى بولسۇن قاۋۇلراق".
مۈشۈك باقساڭ كەپتىرىڭنى يەپ قويار،
بورى باقساڭ يۈرمە ھەرگىز مال توساپ.
بىراۋلارغا قىلساڭ ئەگەر ياخشىلىق،
بىراۋلارغا ھىچ ئايانماي قىل ئازاپ.
ئىگىزلەتمە ئۆينى تۈۋرۈك بولمىسا،
ئېھتىيات قىل، پۇختا ئەمەس ئىشەنچىڭ.
سۇ كەم چاغدا باغلاۋالغىن ئۆستەڭنى،
سۇ كۆپەيسە يىتمەي قالار ئىسكەنجەڭ.
قاپقىنىڭغا چۈشسە بورى ئۆلتۈرگىن،
ئۆلتۈرمىسەڭ ئامانلىق يوق قويۇڭغا.
تاياق ئىزلەپ يۈرمە يىلان ئۇچرىسا،
ئۆلتۈر ئۇنى تاش چىقسىمۇ قولۇڭغا.
بولسا قەلەم زوراۋانىڭ قولىدا،
قوللىرىنى كەسكىن ئۇنىڭ، قىل قەلەم.

دىلى كويۇپ، قالدى ئاچچىق پىغاندا.
دېدى: مەيلى تېغى ئالسا بېشىمنى،
ئۇنىڭ ئىشقى بىلەن ئۆلەي جاھاندا.
يار قولىدىن شەمشەر يېدى دەپ قالسۇن،
دۇشمەنلىرىم ياكى دوستۇ - ئولپىتىم.
كوڭلۇم ئۇنىڭ ھىجرانىنى ئىستىمەس،
يۈرەي شۇنداق توكۇلسىمۇ ھورمىتىم.
تووۋە قىل، دەپ ئېيتتىڭ ماڭا ئەي ياران.
قانداق تووۋە قىلالايمەن مەن بىراق؟
ئەپۇ قىلغىن، مېنى ھايات ھىجراندىن،
ۋىسال تىغى ئۆلتۈرگىنى ياخشىراق.
ئۇ كويىدۇرسە ھەر كەچ مېنى ئوت قويۇپ،
ھىدى يەنە ھايات بېرەر تاڭ بىلەن.
ئوز ئىشقىدىن ۋاز كەچمەيدۇ مەرت يىگىت،
ئەگەر يارى ئويناشسىمۇ جان بىلەن.

## ھىكايەت

بىر كېلىنچەك ئىزلەپ كېلىپ بىر چالنى،
ئوز ئېرىدىن قىلىپ بەردى شىكايەت.
دېدى: ئېرىم ماڭا كۈلۈپ باقمايدۇ،
ئوي ئىچىدە كۈنۈم ئوتەر چېكىپ دەرت.
ياشار ئەلدە قانچە - قانچە ياش - قېرى،
ھالى ئەمەس بىزدەك مۇنچە پەرىشان.
كۈن ئۆتكۈزەر بولۇپ بىر جان ۋە بىر تەن،
بىر - بىرىگە بولۇپ ئامراق، مېھرىۋان،

ئوراپ ئالغان ئۇنى ئۇنى دوست - يار ان،
شام ئورۇلۇپ كوينگگه ئوت كەتتى.
غەزەپلەندى خاپا بولۇپ يىگىتى:
نەدىن كەلدى بىزگە مۇنچە دوست - يار ان؟
بۇ ئوت بىلەن يالغۇز ئىتىك كويمىدى،
مەنمۇ كويدۇم، ئورنەندى دىل، كويدى جان.

## ھىكايەت

سەمەرقەندتە بىر نازىنىن بار ئىدى،
بىراۋ ئاڭا ئەگىشىپتۇ بوپ خۇشتار.
قۇياشتىنمۇ يورۇق ئىدى جامالى،
قاراشلىرى جان ئالغۇچى ۋە دىلدار.
ئاشىق يىگىت سويەر ئىدى ئىزىنى،
كويۈپ - پىشىپ، باغلاپ ئاڭا ئىشتىياق.
يۇزلىرىگە تەلمۇردىتى ھەر دائىم،
جەھلى چىقىپ دىدى دىلبەر: سال قۇلاق!
ئوزۇن بولدى يورۇپ قالدىڭ پىيىمدىن،
بىلگىن، ئەمەس مەن تۇزاققا چۈشكەن قۇش.
ئىپزىز بىشىڭ تەندىن جۇدا بولغۇسى،
مۇنداق قىلما، ئوز ۋاقتىدا تاپقىن ھۇش.
— تاشلا ئونى، دىدى بىراۋ، — بولدى قوي،
سەن ئوزەڭگە يول تاللىغىن ئاسانراق.
مۇشكۇل بولدى مۇرادىڭغا يەتمەكلىك،
چىققۇسىدۇر بىشىڭغا بۇ ئىشتىياق.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلىدى ئۇ چىن ئاشىق،

تومۇر قولغا ئىشەنچ قىلدىم كوڭۈل توق.
ئەقىل نىمە قىلسۇن ئىشق ئالدىدا،
ئىشق — توپچى، ئەقىل بولسا يۇگرەك توپ.

### ھكايەت

نىكالىنىپ قۇياش يۈزلۈك ئىككى ياش،
توي قىلىپتۇ يىراق بىر يۇرت تەرەپتە.
ئېرىگە بەك ئامراق ئىكەن خوتۇنى،
بىراق ئېرى ئىكەن ئاغا نەپرەتتە.
ئۇ يىگىتكە دەپتۇ شۇ چاغ قېرىلار:
ئەگەر كوڭلۈڭ خالىمىسا قىل تالاق!
يىگىت دەپتۇ: ئاغا كوڭلۈم چۈشمىدى،
يۈز قوي بېرەي قۇتۇلسامىلا مەن پاتراق.
بۇنى ئاڭلاپ قان يىغلىدى كېلىنچەك،
جۇدالىققا يوق تاقىتىم دەپ ھەردەم.
يۈز قوي ئەمەس، مىڭ قويىنى نە قىلاي،
چىدالمايمەن ئۇنى بىردەم كورمىسەم.

### ھكايەت

سەن نىمىشقا، — دىدى بىراۋ مەجنۇنغا:
ھەي① تەرەپكە كەلمەيدىغان بوپ قالدىڭ؟
ئۇنۇتتۇڭمۇ ياكى لەيلى ئىشقىنى،

---

① ھەي — لەيلى قەبىلىسىنىڭ نامى

ئۇزۇن بولدى ئېرىم چىراي ئاچمايدۇ،
جاندىن ئۆتتى مېھىرسىزلىك ئازاۋى.
ئەقىللىق چال قولاق سالدى بۇ سوزگە،
مۇنداق بولدى ئۇنىڭ بەرگەن جاۋاۋى:
تاقەت قىلغىن كوڭلۇڭ بولسا ئېرىڭگە،
ئازاۋىنى تارتقىن مەيلى ھەر ئاندا.
تاپالمايسەن مېھرى يوق دەپ ۋاز كەچسەڭ،
كېيىن ئومرۇڭ ئۆتەر سېنىڭ ئارماندا.
ئويلىماستىن جۇدالىققا ئالما يول،
ئومرۇڭ كېتەر كەلسە ئۇلۇم نوۋىتى.
بولسا ئېرىڭ قانچە نامدار، ئاخىرى —
باش ئەگدۇرەر مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى.
چۈشسە كىشى ئەگەر جونۇن ھالىغا،
مۇش - كالللىسى يېنىپ كەلمەس جايىغا.

## ھىكايەت

بىر ياش يىگىت ياساپ چىقتى تومۇر قول،
ۋەھشى شىرنى يەڭمەك بولۇپ ئىنتىلىپ.
تومۇر قولى يەرگە چۈشتى دەررۇلا،
قولى بىلەن ئۇرغان چاغدا شىر كېلىپ.
دىدى بىراۋ: ئەي يۇرەكسىز، زاڭ چېلىش،
تومۇر قولنى ئاتقىن ئاگا، باتۇر بول.
يەرگە تاراپ دىدى يىگىت شۇ پەيتتە:
كار قىلالماس ئىكەن شىرغا بۇ خىل قول.
ئىشلىمەپتۇ ئەقلىم ئىشىق دەردىدىن،

نەيىنىڭ ئۇنى تەسىر قىلىپ قالدى جىم.
ھاياجاندىن يۈزلىرىنى تەر باستى،
دىدى: جانىغا ئۇت ياقتى نەي بۇ قېتىم.

× ×

كوزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچقان بىر تۈنى،
ئاڭلاپ قالدىم، شامغا دىدى پەرۋانە:
مەنغۇ ئاشىق، شۇڭا راۋا كويمەگىم،
سەن نىمىشقا كويدۈڭ بولۇپ ۋەيرانە؟
شامدىن شۇدەم جاۋاپ بولدى: مەن كويدۇم،
ياسالغاچقا جۇدالىقتىن مۇم بولۇپ.
شىرىنىمدىن جۇدا بولغان ئاشىقمەن،
كويدۇم شۇڭا پەرھات كەبى تولغىنىپ،
بۇ سوزلەرنى ئېيتىپ يىغلار ئىدى شام.
يامغۇر كەبى توكۇلەتتى كوز يېشى.
پەرۋانىغا دەيتتى: سەنمۇ ئاشىقمۇ،
كوڭلۈڭدەدۇر قايسى ئىشىق تەشۋىشى؟
سەن قاچىسەن كىچىككىنە شولىدىن،
ئوت ئىچىدە كويۇپ پۇتسەم تامام مەن.
كويەر سېنىڭ پەقەت بىرلا قاناتىڭ،
مەن كويىمەن باشتىن - ئاياق، تامامەن.
مەجلىس ئارا نۇرلىرىمنى كورگەندىن،
كويگىنىمنى كورگۈنۈڭدۇر كوپ ئەۋزەل.
كوپ ئۇزاققا بارماي تۇرۇپ تۈن كېچە،
ئۈنى پۇۋلەپ بەرھەم بەردى بىر گۈزەل.

ياكى باشقا يار تەرەپكە يول ئالدىڭ؟
قان يىغلىدى ئاڭلاپ مەجنۇن بۇ سوزنى،
دىدى: دىلىم كەتكەن مېنىڭ ئورتىنىپ.
جىسمىم يارا، يارا يەنە دىلىممۇ،
قىينىما سەن جاراھەتكە تۇز سېپىپ.
چىدالمايمەن دىدى ئۇنى كورمىسەم،
لېكىن بولماس ئىكەن چەتتە يۇرمىسەم.
— سوزۇڭ بولسا ئېلىپ كېتەي لەيلىگە،
دىدى ئاقىل: — سەن - سەن يارۇ - ۋاپادار.
دىدى مەجنۇن ھەۋەس قىلما نامىمنى،
مېنىڭ نامىم ئۇ بار جايغا بولماس يار.

× ×

توگە ئۇسۇل ئوينار ئەرەپ كويلىسە،
زوقۇڭ كېلەر توگە ئۇسۇل ئوينىسا.
توگىنىڭمۇ ھەۋىسى بار، ئادەمنى —
ئىشەك دىگىن ئەگەر ئىشقى بولمىسا.

× ×

گۇزەل يىگىت نەي چالاتتى ھەر دائىم،
كوڭۇللەرنى ئېرىتەتتى ناۋاسى.
ئۇ نەي چالسا ۋاقىرايتتى ئاتىسى:
ياقماس ماڭا بۇ نىمەڭنىڭ ساداسى.
بىراق بىركۇن ئاڭلاپ باقتى ياخشىلاپ،

× ×

ئەگەر ئىززەت تاپاي دېسەڭ دۇنيادا،
ئۆزگىلەرگە يامان كۆزدە باقمىغىن.
كىبىر بىلەن كامال تاپقان ئادەم يوق،
توغرا ئويلا، بۇنى ئەستە ساقلىغىن.
ئەل ئىچىدە لازىم ئەمەس بولەك نام،
كۇپايدۇر ياخشى دىگەن بۇ ئېتى.
تەڭتۇشلىرىڭ ساڭا كىبىر كورسەتسە،
نەزىرىڭدىن چۈشۈپ كېتەر قىممىتى.
ئۆزەڭدىمۇ بولغان بولسا كىبىرلىك،
سەنمۇ شۇنداق كورۇنىسەن ھەر ئاندا.
بۇندىن ئۆتكەن كوپ ئەقىللىق ئۇلۇغلار،
غېرىبلارنى ئىززەت قىلغان جاھاندا.
كوپ ئۇلۇغلار چۈشۈپ قالدى قاتاردىن،
غېرىب - غۇرۋا ئىگەللىدى ئورنىنى.
مەنمۇ سېنى ئەيىبسىز دەپ بىلمەن،
گەر ئەيىبسىز دەپ ئويلىساڭ سەن مېنى.
ھېچقاچاندا ماختانمىغىن بولساڭ مەرت،
ماختىنىشتىن ھېچ كىشىگە زەپەر يوق.
ھەممە يېرى پوست بولسىمۇ پىيازنىڭ،
ئۇ ئويلايدۇ پىستە كەبى مېغزىم توق.
ئاقىللاردىن سوز قالىدۇ يادىگار،
ئېيتقىنىمنى ئۇنتۇمىغىن سەن زىنھار.

تۇتۇن ئۇرلەپ چىقتى شامنىڭ بېشىدىن،
شۇنداق بولدى مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى.
سەن ئىشقنى بىلسەڭ ئەگەر، كويۇشتىن —
قۇتقۇزىدۇ بولۇپ ئۇلۇم زاھىرى.
ئاشىق بولساڭ كۇلپەتلەردىن قاچمىغىن،
پاك دىللىقنى ئۇگەن ئاقىل مېنىڭدىن.
يېقىن بارما دولقۇنلىغان دەرياغا،
بارغان بولساڭ ئۇمىت ئۇزگىن جېنىڭدىن.

## تونىنچى باپ

### كەمتەرلىك توغرىسىدا

بىر تامچە سۇ ئېقىپ چۇشۇپ بۇلۇتتىن،
خىجىل بولدى كورۇپ ئاققان دەريانى.
تۇرسا دەريا، مەن قانچىلىك؟ دېدى ئۇ،
كوردۇم بۇگۇن ئاققان ئۇلۇق سۇلارنى.
ئاخىر ئوزى ئايلاندى بىر سەدەپكە،
ئوز - ئوزىنى كەمتەر تۇتۇپ، تېپىپ دىت.
جاھان ئارا ئاشتى يەنە قىممىتى،
ئۇنىڭ ئېتى بولدى شۇڭا مەرۋايىت.
ئېزىزلىقنى تاپتى ئوزى بولۇپ خار،
كەمتەر بولغاچ ئاغدى ئاگا ئېتىۋار.

تۇيۇقسىزدىن پەيدا بولغان بۇ ئۇرۇش.
تالاشقانلار بىر تۇگۇنگە دۇچ كەلدى،
يېشەلمىدى تۇگۇن ھېچكىم قولىدىن.
ئەسكى چاپان يىگىت بولۇپ شىر كەبى،
ئەشۇ پەيتتە تۇردى دەرھال ئورنىدىن.
دېدى: پۇختا ئاساس كېرەك سوز ئۇچۇن،
دەلىل ئەمەس تالاشقاندا مۇشتلىشىش.
بىلگىنىمنى سوزلەپ باقاي مەنمۇ ھەم،
توغرا ئىشتۇر بىلمىگەندە جىم تۇرۇش.
سوز باشلىدى ھورمەت بىلەن تېز چوكۇپ،
ئۇنىڭ تىلى باشقىلارنى قىلدى لال.
ئۇ سوزلەرنى تىزدى راۋان قەلەمدەك،
ئۇنچە شۇنداق تىزدىلدۇ ئېھتىمال.
سۇرەتلەرگە جان بەردى ئۇ مەنادىن،
تامام قىلدى بولۇپ ئوتكەن دەۋانى.
ئولتۇرغانلار دېدى ئاگا: ئاپىرىن،
كوردۇق بۇگۇن ئەقلى تولۇق دانانى.
سوز ئېيتىنى چاپتۇردى ئۇ مەيداندا،
قازى لايغا پېتىپ قالدى ئىشەكتەك.
سەللە - توننى ئۇزاتتى ئۇ يىگىتكە،
دېدى: ماڭا بۇ قازىلىق نە كېرەك؟
يۇكسەك ئىكەن سېنىڭ قەدىرۇ - قىممىتىڭ،
بىلەلمىدىم ئەپسۇس دەسلەپ كورگەندە.
غەشلىك سېلىپ قويدى مېنىڭ كوڭلۇمگە،
كورمەك سېنى غېرىپ ھالدا، توۋەندە.
يېقىن كېلىپ مۇلازىمى قازىنىڭ،

# هكايەت

بىر كەمبەغەل — ئايۋىنىدا قازىنىڭ —
ئولتۇراتتى توردە كىرىپ بولۇشقا.
قازى ئاغا پات - پات قاراپ قوياتتى،
بىراۋ: تۇر، دەپ ئىما قىلدى ئۇنىڭغا.
دىدى: ساڭا لايىق ئەمەس بۇ ئورۇن،
تۆۋەنگە چۈش، مەيلى كەتكىن، مەيلى تۇر!
ئوز ھالىچە بولار ھەركىم ئىززىتى،
ئولتۇرالماس ھەركىم توردە بەھۇزۇر.
بۇنىڭ ئوزى بولدى ئاغا يېتەرلىك،
مۇنداق ھالدا لازىم بولماس نەسىھەت.
ئىززىتىنى يوقاتمىغان بولاتتى،
تۆۋەن چۈشۈپ ئولتۇرغاندا ئۇ پەقەت.
شىر بولمىساڭ دەۋا قىلما شىر مەن دەپ،
ھەم ئوزەڭنى تەڭلەشتۇرمە كورگەنگە.
تۇتۇن چىقتى ئۇ يىگىتنىڭ بېشىدىن،
تۇرۇپ دەرھال چۈشتى ئاستا تۆۋەنگە.
كىشىلەردە مۇنازىرە باشلاندى،
پۇتۇن مەجلىس بولۇپ كەتتى پاتپاراق.
مۇنازىرە ئايلانماقتا ماجراغا،
بىرى توغرا دىسە، بىرى دەيتتى ياق.
تالىشاتتى بولۇپ ئۇلار خورازدەك،
بىر - بىرىگە ئاتار ئىدى ھەتتا مۇش.
قوزغىشەتكەن ئىدى قەھرۇ - غەزەپنى،

ساتساڭ ھېچ كىم بىر تىيىنغا ئالمايدۇ.
ئۇسكەندىمۇ لالىلەرنىڭ ئىچىدە،
كوكات ھەرگىز لالە بولۇپ قالمايدۇ.
ئىشەك يەنە ئىشەك يىپەك كەيسىمۇ،
پۇل مۇھتەرەم قىلالمايدۇ بازارنى
شۇنداق چىچەن سوزلەر بىلەن ئۇ يىگىت،
يۈيۈۋەتتى قەلبىدىكى ئازارنى.
خاپا بولغان كىشى قوپال سوزلەيدۇ،
ياۋ قولىغا چۈشكەندىمۇ بوشاشماي.
سوزگە كەلسە قولدىن بەرمە پەيتىنى،
ياۋنى مات قىل بولغاندىمۇ بىر تالاي.
ھالى خاراپ بولۇپ قالدى قازىنىڭ،
قىيامەتمۇ، دىدى، بولدى بۇ ئازاپ.
ئەلەم بىلەن قوللىرىنى چىشلىدى،
ئىككى كوزى قالدى ئۇنىڭ پاقىراپ.
سوزلىرىنى ئېيتىپ بولۇپ ياش يىگىت،
بۇرۇلدى ـ دە، چىقىپ كەتتى سوررۇندىن.
ئارزۇسىنى قىلىپ قالدى ھەممىسى،
كېيىن دىرەك تاپالمىدى ھېچ ئۇندىن.
ئۇنى ئىزلەپ سوراپ كوردى چوڭ زاتلار،
بۇ كىم ئۆزى ۋە قەيەرلىك يىگىت، دەپ.
ئىزلەپ چىقتى يۇرت تەپتىشى ئاخىرى،
ئۇچرىغاندىن سوراپ، ئۇنى سۈپەتلەپ.
دىدى بىراۋ: ئېيتىشىڭغا باققاندا،
ئىزلىگىنىڭ بەلكى سەئدى ئوزىدۇر.

هورمەت بىلەن تەقدىم قىلدى سەللىنى.
قوبۇل قىلماي دىدى يىگىت: ئەي قازى،
كاتتىلىقتا دەۋەت قىلما سەن مېنى.
باشقىلاردىن كاتتا بولسام، ئۇلارمۇ،
كورۇنىدۇ ماڭا توۋەن ئەھۋالدا.
پەرقى نىمە سۇ بولامدۇ لاي ـ سۈزۈك،
بولسا كوزا ئالتۇندا ۋە ساپالدا!!
ئەقىل — ئىدرەك بولسا بولدى بېشىمدا،
نىمە هاجەت سەللە بىلەن كاتتىلىق؟
كورۇنمەككە چوڭ ئەمەسمۇ قاپاقمۇ،
ئىنسان قەدىرى ئەمەس سەللە ئارقىلىق.
مەغرۇر بولما ساقال بىلەن سەللىدىن،
ساقال ـ كوكات، سەللە دىگەن پاختا ئاق.
ئەگەر ئادەم بولسا سېنىڭ سۈرىتىڭ،
سۈرەت دىگەن جىم تۇرغىنى ياخشىراق.
ئىلىم بىلەن تاپسۇن ئىنسان پەزىلەت،
لازىم زوهەل① بولۇپ يۇكسەك تۇرۇشى.
هىچ تەمى يوق ئىگىز ئوسكەن قومۇشنىڭ،
تاتلىق بولار پەقەت شېكەر قومۇشى.
ئادەم دىمە ئەقلى بولسا شۇنچىلىك،
ئەگەشسىمۇ ئارقىسىدىن يۇزلەپ قول.
جىن ئۇزۇمى دىگەن ئىكەن ياخشى گەپ،
ئاڭلا ئۇنى ۋە ئومرۇڭدە ئاگاھ بول.
ئۇ دەپتۇكى، مېنى لايدىن يۇلمىغىن،

① زوهەل — بىر خىل يۇلتۇزنىڭ نامى.

زەھەر سۇپەت ئاچچىق بولغاچ چىرايى،
ھەسەلگە كېپ قونمىدى بىر پاشا.
بىر تېيىنمۇ تاپالمىدى شۇ كۈنى،
ئۇيگە قايتىپ تۇرۇپ قالدى ئۇ مۇزدەك.
قاپاقلىرى كەتتى بەتتەر تۇرۇلۇپ،
ھېيت كۈنى غەمدە قالغان مەھبۇستەك
ئاڭا قاراپ كۈلدى شۇ دەم ئايالى:
ئۇزەڭ ئاچچىق، مىلىڭ تاتلىق بولامدۇ؟
قاپاقلىرىڭ تۇرسا دائىم مۇز بولۇپ،
يىگەنلەرگە ھەسەل ھارام بولمامدۇ؟
يامانلىقنى راۋا كورمە ئۇزەڭگە،
قوپال سوزلۇك بولۇر تەتۇر پىشانە.
يۇمشاق سوزلە يۇمشاق تىنىڭ بولمىسا،
شىرىن سوزدە قىل سەئدىنى نىشانە.

## ھىكايەت

مىت چىشلىدى بىر دىخاننىڭ پۇتىنى،
چىشنىڭ ئىزى بولۇپ قالدى جاراھەت.
ئۇخلىمايتتى دىخان ئازاپ دەردىدىن،
بىر قىزچىقى قىلدى ئۇنى خىجالەت.
ئاتىسىغا دىدى قىزچاق دوق ئۇرۇپ:
بولماسمىدى سەنمۇ ئىتنى چىشلىسەڭ!
يىغىسىدىن توختاپ ئاتا قالدى جىم،
كۈلۈپ كەتتى ئاخىر بولۇپ ھالى تەڭ.
دىدى: قىزىم، كۈچۈمىمغۇ يىتەتتى،

دۈچ كەلگەنلەر ئاپىرىن دەر ئۇنىڭغا،
سۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرار گۈزەل نۇر.

× ×

سۆزى شىرىن شىلغاي ياۋنىڭ پوستىنى،
سۆزى قوپال دۈشمەن قىلغاي دوستىنى.
ئەگەر كىمكى يۈزى سەندال بولمىسا،
بولغا ئۇرۇپ قىينىمايدۇ ھېچ ئۇنى.
سۆزى قوپال بولغان ئۆتەر ئازاپتا،
شىرىن سۆزلۈك ئىش كۆرىدۇ پەم بىلەن.
شىرىن سۆزنى ئۆگەن ئاقىل سەئدىدىن،
قوپال سۆزلۈك ئۆتەر دائىم غەم بىلەن.

## ھىكايەت

ھەسەل سېتىپ كۈن ئالاتتى بىر ياران،
شىرىن سۆزلەپ، تاشلاپ ھەريان شوخ نىگار.
تۇرسا شېكەر قومۇشىدەك بەل باغلاپ،
پاشا كەبى ئولىشاتتى خېرىدار.
زەھەر بولغان تەقدىرىدىمۇ ساتقىنى،
ھەسەل بىلىپ ئېلىشاتتى كىشىلەر.
كۆزى چۈشتى ئاكا بىر توك قاپاقنىڭ،
سودىسىغا ھەسەت قىلدى شۇ قەدەر.
ھەسەل سېتىپ كورمەك بولۇپ ئەتىسى،
كوچىلارنى كېزىپ چىقتى ئۇ ۋاسا.

تۇمشۇغىغا سالاي ئۇنىڭ كەش بىلەن.
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ قالدى شاھ سالىھ.
خوپ كورمىدى ئۇندا ئۇزاق تۇرماقنى.
كۇتۇپ تۇردى ئەل ئۇيقۇدىن ئويغانىشىن،
قۇياش نۇرى يورۇتسۇن دەپ ھەر ياقنى.
تاڭ ئاتقاندا ئىككى يوقسۇل تۇتۇلدى،
مەلىك سالىھ ھورمەت قىلدى ئۇلارنى.
ياخشىلىقنىڭ يامغۇرىنى ياغدۇرۇپ،
يۇيۇۋەتتى دىللاردىكى غۇبارنى.
ئاچ - يالىڭاچ ئوتكەن ئۇلار كوپ زامان،
سالىھ كۇتۇپ خەۋەر ئالدى ھالىدىن.
كاتتىلارنىڭ قاتارىغا قېتىلىپ،
ئىككى يوقسۇل چاپان كىيدى شايىدىن.
بىرى شاھقا دىدى بىر كۇن: ئەي شاھىم،
ھوكمىڭ بىلەن ئېلىپ ماڭدىڭ زامانى.
ياقتى ساڭا بىزنىڭ قايسى ئىشىمىز؟
سەن سىلايسەن ياخشى كورگەن ئىنسانى.
دىدى سالىھ يوقسۇللارغا شات - خورام،
گۇل مىسالى جەۋلان قىلدىپ چىرايى:
— مەغرۇر بولۇپ يوقسۇللارنى خار تۇتسا،
ئارتۇق بولار پادىشانىڭ گۇنايى.
سەنمۇ ئەندى تۇتما ماڭا ئاداۋەت،
جەننەت ئارا خالى بولغىن تالاشتىن.
يېپېۋالما ئىشىگىنى جەننەتنىڭ،
ساڭا ئىشىك ئاچتىم بۇگۇن ياراشتىن.
موتىۋەرلىك بولار قوللاش يوقسۇلنى،

بىراق ئەيىپ ئېيتىشمەيدۇ ئىشىمنى؟
مەن ئادەمدە! باشقا ئۆلۈم كەلسىمۇ،
ئۈست پۈتىغا تەككۈزمەيمەن چىشىمنى.

## ھېكايەت

مەلىك سالىھ شام ئېلىدە شاھ ئىدى،
قولى بىلەن چىقتى بىر كۈن سەپەرگە.
ئەرەپ كەبى يۈزلىرىنى نىقاپلاپ،
سەيلى قىلىپ بېرىپ باقتى ھەر يەرگە.
مەلىك سالىھ ئادەمشۇناس شاھ ئىدى،
يوقسۇللارغا دائىم قانات ياپاتتى.
يولدىن ئۆتۈپ، كىرىپ باقتى مەسچىتكە،
كۆرۈپ قالدى، ئىككى يوقسۇل ياتاتتى.
دەيتتى بىرى: بېرىشەرمۇ ئېيتىۋار،
بىزنىڭ غېرىپ ئاھىمىزغا جەننەتتە؟
قارىغىنا نامى ئۇلۇغ شاھلارنى،
كۈن ۋە تۈنلەر ئۆتەر بەزمۇ - ئىشرەتتە
مەن بېشىمنى كۆتەرمەيمەن گۆرۈمدىن،
ئۇلار ئەگەر جەننەتتىمۇ بولسا ھەم.
جەننەت بىزنىڭ تاڭلا ئەتە جايىمىز،
ئۇلار كىرىپ ئالارمۇ دەپ يەيمەن غەم.
بۇ ئالەمدە ھېچ ياخشىلىق كۆرمىدۇق،
ئازاپ چەكتۇق دائىم كۈندۈز - كەچ بىلەن.
ئەگەر سالىھ كىرىپ قالسا جەننەتكە،

## هكايەت

بىراۋ قول دەپ تۇتتۇۋاپتۇ لوقماننى،
چۈشمىگەندە تۇۋشىلىقنىڭ پېيىغا.
ئۆي - ئىمارەت سالماقچىكەن ئۇ ئادەم،
زورلاپ ئۇنى ساپتۇ كېسەك لېيىغا.
كېسەك قۇيۇپ، ساراي سىلىپ باي ئۈچۈن،
بىر يىلغىچە جاپا چەكتى ئۇ غايەت.
قاچقان قۇلى قايتىپ كەلدى غوجامنىڭ،
شۇ چاغدىلا بولدى غوجام خىجالەت.
بۇ خوجايىن تازىم بىجا كەلتۈرۈپ،
خىجالەتتە ئۆزرە ئېيتتى لوقمانغا.
دېدى لوقمان: بۇ ئۆزىرىڭ ئارتۇقچە،
بىر يىل ماڭا چۈشمىدى ھېچ ئاسانغا.
ئەپۇ قىلسام بولار سېنى ئەزىزىم،
بۇ بىر يىلىڭ بولمىدى ھېچ زىيانلىق.
بۇ ئۆيلىرىڭ، سارىيىڭنى سالغىچە،
ئىلىم - پەندە تاپتىم كۆپلەپ ئاسانلىق.
ئويۇمدىمۇ مېنىڭ قۇلۇم بار ئىدى،
دۇچار ئىدى ئۇ ئېغىر ئىش، زۇلۇمغا.
مۇندىن كېيىن ئېغىر ئىشقا سالمايمەن،
لاي ئەتكىنىم كەلسە دائىم ئويۇمغا.
كۈچلۈكلەرنىڭ جاپاسىنى تارتمىغان،
ئاجىزلارغا قىلار ھامان ئۇسساللىق.

ئىرادىدىن بىنا بولار سائادەت.
ياخشىلىغىڭ تىزگىنلەيدۇ ياۋىڭنى،
يوقسۇللارنى قوللىماقنى قىل ئادەت.
بولساڭ ئىچى سۇغا تولغان كۆپ بىراق،
بولالمايسەن نۇر چاچقۇچى شام چىراق.

## ھىكايەت

بىراۋ بىر ئاز ئىلمى نوجۇم ① بىلەتتى،
پەخىرلىنىپ ئىزلەر ئىدى نام - ئاتاق.
يوللار كېزىپ ئىزلەپ كەلدى گۆشيار ②نى،
كورەڭلىگى كوككە يەتكەن ئۇ ساياق.
گۆشيار ئاڭا قىلماي قويدى پەرۋامۇ،
خالىمىدى ئاڭا ساۋاق بەرمەكنى.
كوپنى كورگەن، كوپنى بىلگەن بۇ دانا،
قۇپ - قۇرۇقلا قايتۇردى ئۇ تەنتەكنى.
دېدى: ئەقلىڭ تولا ئىكەن ئوزەڭچە،
يەنە ئاشلىق سىغماس تولغان ئىدىشقا.
ئىدىشىڭنى بوشات ئاۋال غۇرۇردىن،
كەلگىن ئاندىن مەندىن بىلىم ئېلىشقا.
سەئدى كەبى بولساڭ چىچەن ۋە كەمتەر،
توپلىنىدۇ ئاندىن سەندە بىلىملەر.

---

① ئىلمى نۇجۇم — ئاسترونومىيە ئىلمى.

② گۆشيار — پارس ھەملىكىتىدىكى بىر ئاسترونوم.

قايسى بۇلبۇل سايراپ ئۇتتى مېنىڭدەك؟
ئەگەر شۇ خىل بۇلبۇل بولسا تىلەيمەن،
نەسىپ بولسۇن سوڭىغىگە گۈل ئۈنمەك.

## بەشىنچى باپ

### رازىلىق توغرىسىدا

بالاغەتتىن چىراق يېقىپ، نۇر چېچىپ،
پىكرۇ ـ ھېكمەت بايان قىلدىم بىر كېچە.
بىر بىلەرمەن تۇلاق سالدى سۆزۈمگە،
ئاپىرىن، دەپ ئولتۇردى ئۇ كەچكىچە.
سۆزمۇ قاتتىق ئاخىرىدا غەرەزلىك،
ئاغرىق تۇتسا كۈچەيگەندەك پىغانى.
دىدى: ئىنسان توغرا قىلغان بولىدۇ،
ئىبادەتتە بولسا ئەقلى ـ ئىمانى.
بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئۆتكەن باشقىلار،
ئۈمىت ئەمەس گوررزى بىلەن نەيزىدە.
ئىدىم ئۆزەم تالاشقانغا سۆز بەرمەس،
تالاشماقچى ئەمەس ئىدىم ئەسلىدە.
خەنجىرىنى ئىشقا سالسام تىلىمنىڭ،
تاشلار ئىدىم بىلەرمەننى پارچىلاپ.
شۇنداق قىلىپ مەيدان ئارا جەڭ بولدى،
دۈشمەنلىرىم قۇلاق سالسۇن ياخشىلاپ.

كوڭلۈڭ ئازار يېگەن بولسا كاتتىدىن،
كىچىكلەرگە قىلما ھەرگىز قوپاللىق.

× ×

خاپا بولما ئېيتسا بىراۋ ئەيۋىڭنى،
توھمەت قىلسا ئەيلە ئۇندىن پەندىيات.
ئەگەر بىراۋ سېپىق دىسە مۇشۇكنى،
قىلىپ يۈرمە ھەرگىز ئۇندىن ئېھتىيات.
قەدىمىڭنى ياخشىلىققا قوي ھامان،
يامان سوزنى تاپالمسۇن مۇتەھەم.
دۈشمەن سوزى ئېغىر كەلسە ئويلاپ باق،
ئەيۋىڭنى تۈزەت، بولغىن مۇھتەرەم.
ئەيۋىڭنى سالسا كىمكى يۈزۈڭگە،
ئاشۇ ئادەم دوستۇڭ سېنىڭ قىممەتلىك.
باشقىلاردىن تووەن تۇتقىن ئوزەڭنى،
بولالايسەن شۇندا ئىززەت - ھورمەتلىك.
مازىرىمدىن ئوتسەڭ ئايا پاك نىيەت،
دۇئا قىلغىن ئېلىپ مېنى يادىڭغا.
تىرىكلىكتە ئوتكەن ئىدىم تۇپراقتەك،
نەزەر سالغىن تۇپراق بولغان ھالىمغا.
شامال بولۇپ كەزگەن ئىدىم جاھاننى،
كۇنۇم پۈتۈپ كومۇلدۇم بۇ تۇپراققا.
جىسمىم تۇپراق بولۇپ كېتەر، شامال‌لار —
چاڭلىرىمنى ئېلىپ كېتەر يىراققا.
مەنىلە رىنىڭ بوستانىدا ئايۇ - يىل،

# ھىكايەت

سافاھان① دا ياشار ئىدى بىر دوستۇم،
ئۆزى ھوشيار، مىجەزى شوخ، باھادىر.
ھەممە ۋاقىت قان يۇرەتتى خەنجىرى،
ئىدى ياۋنى قورقۇتۇشقا ئۇ قادىر.
كورمەس ئىدىم ئۇنى ھەرگىز ئوقياسىز،
ئوقياسىدىن ئوت چىقاتتى ھەر كۇنى.
بىر زەبەردەست يىگىت ئىدى پەھلىۋان،
ۋەھىمە دەپ بىلەر ئىدى شىر ئۇنى.
ئولتۇرۇشكە قەست ئەيلىسە مۇبادا،
بىر ئوق بىلەن جايلار ئىككى ياۋنى.
ئۇنىڭ ئۇدۇل بېرىپ تەككەن ئوقىدەك،
تىشەلمەيدۇ تىكەن غۇنچە باغرىنى.
بېشى تەنگە پاتار ئىدى ياۋنىڭ،
ئەگەر ئۇنى مۇشتى بىلەن سالسا بىر.
بوغار ئىدى ئۇ يولۋاسنى گېلىدىن،
جان بېرەتتى مۇشتى بىلەن سالسا شىر.
كۇچەپ راسا، تۇتۇپ ئالسا بېلىدىن،
ئۇ تاغنىمۇ يۇلۇپ كوككە ئاتاتتى.
ئېتىلاتتى ساۋۇتلۇقلار دۇچ كەلسە،
نەيزە ئۇرۇپ دەرھال ئاتتىن ئارتاتتى.
بولسىمۇ گەر مەردۇ - مەردان شۇنچىلىك،

① سافاھان — ئىسفاھان، ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.



ئىملەرنى كورمەس كىشى دۇنيادا؟
دوست تۇتۇشنى ياقتۇراتتى ئۇ پالۋان،
بولسا كىشى توغرا نىيەت ۋە سادا.
دوستى ئىدىم، ئايرىمايتتى يېنىدىن،
مېنى چىللار ئىدى سەپەر ناۋاسى.
يولغا چىقىپ بېسىپ ئوتتۇم ئىراقنى،
شامدا تۇرۇپ قالدىم يېقىپ ھاۋاسى.
ياشاپ ئۇمىت، خەۋپ، راھەت، غەم بىلەن،
ئۇزۇن يىللار تۇرۇپ قالدىم مەن شامدا.
ئاياقلاشتى ئۇ يەردىكى نەسىۋەم،
ۋەتەن مېھرى قەلبىمدە ئوت بولغاندا.
باستىم يولدا نەچچە سەھرا - چوللەرنى،
كوز ئالدىمدا ئايان بولدى ئىسفاھان.
خىيال سۇرۇپ ئوخلالمىدىم بىر كېچە،
كوز ئالدىمغا كەلدى ئاشۇ پەھلىۋان.
ئۇنى ماڭا يىگەن تۇزۇم ئەسلەتتى،
ئۇزۇن زامان يىگەن ئىدىم تۇزىنى.
ئىسفاھاننى كېزىپ يۇردۇم شۇ كۇنى،
كورمەك بولۇپ پەھلىۋاننىڭ ئۇزىنى.
كوردۇم ئۇنى، يىگىت قېرىپ كېتىپتۇ،
ئېگىز تاغدەك ئاقىرىپتۇ باشلىرى.
قەددى پۇكۇك ۋە يۇزلىرى سارغايغان،
ئاقار ئىدى قېرىلىق كوز ياشلىرى.
غالىپ كېلىپ بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى،
ناتىۋانلىق ئىگەللەپتۇ قەلبىنى.
غۇرۇرىنى بەربات قىلىپ زامانە،

## هكايەت

سافاھان① دا ياشار ئىدى بىر دوستۇم،
ئۆزى ھوشيار، مىجەزى شوخ، باھادىر.
ھەممە ۋاقىت قان يۇرەتتى خەنجىرى،
ئىدى ياۋنى قورقۇتۇشقا ئۇ قادىر.
كورمەس ئىدىم ئۇنى ھەرگىز ئوقىياسىز،
ئوقىياسىدىن ئوت چىقاتتى ھەر كۇنى.
بىر زەبەردەست يىگىت ئىدى پەھلىۋان،
ۋەھىمە دەپ بىلەر ئىدى شىر ئۇنى.
ئولتۇرۇشكە قەست ئەيلىسە مۇبادا،
بىر ئوق بىلەن جايلار ئىككى ياۋنى.
ئۇنىڭ ئۇدۇل بېرىپ تەككەن ئوقىدەك،
تىشەلمەيدۇ تىكەن غۇنچە باغرىنى.
بېشى تەنگە پاتار ئىدى ياۋنىڭ،
ئەگەر ئۇنى مۇشتى بىلەن سالسا بىر.
بوغار ئىدى ئۇ يولۋاسنى گېلىدىن،
جان بېرەتتى مۇشتى بىلەن سالسا شىر.
كۇچەپ راسا، تۇتۇپ ئالسا بېلىدىن،
ئۇ تاغنىمۇ يۇلۇپ كوككە ئاتاتتى.
ئىپتىلاتتى ساۋۇتلۇقلار دۇچ كەلسە،
نەيزە ئۇرۇپ دەرھال ئاتقا ئارتاتتى.
بولسىمۇ گەر مەردۇ - مەردان شۇنچىلىك،

① سافاھان — ئىسفاھان، ئىراندىكى بىر شەھەرنىڭ نامى.



ئىملەرنى كورمەس كىشى دۇنيادا؟
دوست تۇتۇشنى ياقتۇراتتى ئۇ پالۋان،
بولسا كىشى توغرا نىيەت ۋە ساددا.
دوستى ئىدىم، ئايرىمايتتى يېنىدىن،
مېنى چىللار ئىدى سەپەر ناۋاسى.
يولغا چىقىپ بېسىپ ئوتتۇم ئىراقنى،
شامدا تۇرۇپ قالدىم يېقىپ ھاۋاسى.
ياشاپ ئۇمىت، خەۋپ، راھەت، غەم بىلەن،
ئۇزۇن يىللار تۇرۇپ قالدىم مەن شامدا.
ئاياقلاشتى ئۇ يەردىكى نەسۋەم،
ۋەتەن مېھرى قەلبىمدە ئوت بولغاندا.
باستىم يولدا نەچچە سەھرا - چوللەرنى،
كوز ئالدىمدا ئايان بولدى ئىسفاھان.
خىيال سۇرۇپ ئوخلالمىدىم بىر كېچە،
كوز ئالدىمغا كەلدى ئاشۇ پەھلىۋان.
ئۇنى ماڭا يىگەن تۇزۇم ئەسلەتتى،
ئۇزۇن زامان يىگەن ئىدىم تۇزىنى.
ئىسفاھاننى كېزىپ يۇردۇم شۇ كۇنى،
كورمەك بولۇپ پەھلىۋاننىڭ ئوزىنى.
كوردۇم ئۇنى، يىگىت قېرىپ كېتىپتۇ،
ئىگىز تاغدەك ئاقىرىپتۇ باشلىرى.
قەددى پۇكۇك ۋە يۇزلىرى سارغايغان،
ئاقار ئىدى قېرىلىق كوز ياشلىرى.
غالىپ كېلىپ بۇ پەلەكنىڭ گەردىشى،
ناتىۋانلىق ئىگەللەپتۇ قەلبىنى.
غۇرۇرىنى بەربات قىلىپ زامانە،

خۇددى يادەك ئەگمىش ئۇنىڭ قەددىنى،
ئىدىڭ ئۇزەڭ شىرنى يەڭگەن پەھلىۋان،
قېرى تۇلكە بوپسەن، دېدىم گەپ تەشتىم.
دېدى كۇلۇپ: پەھلىۋانلىق يوق بولدى،
يۇرۇپ موغۇل جەڭلىرىدە تۇگەشتىم.
نەيزە ئۇرمان بولغان ئىدى ئۇ جەڭدە،
ئاتلار يايلى تاۋلىناتتى يالقۇندەك.
مەيدان ئارا تۇتۇن بولۇپ باسساقمۇ،
ئامەت كەتتى، مەغلۇپ بولدۇق بىز بىردەك.
ئالار ئىدىم ياۋ قولىدىن ئۇزۇكنى،
ھۇجۇم بىلەن بىرلا ئۇرۇپ نەيزىدە.
بەختىم مەدەت ئەيلىمىدى، ياۋ مېنى —
ئۇزۇك بولۇپ ئوراپ ئالدى گۇرزىدە.
قالسا ئەجەل قورشاۋىدا نە پايدا؟
قاچتىم شۇئان، ئۇ مەيداندا قالمىدىم.
قورال كۇچى يار بولامدۇ زەپەرگە،
قانلىق جەڭدە ئوڭ كەلمىسە تەلىيىم؟
ئەگەر ئاچقۇچ بولمىسا ئوز قولۇڭدا،
بەختى - تەلەي بولماس ماڭغان يولۇڭدا.
شىر ۋە پىلدىن كۇچلۇك ئىدى توپىمىز،
ساۋۇت كىيدۇق، تومۇر كىيدى ھەم ئاتلار.
ئالدىمىزدىن چىقىپ كەلدى كوپ لەشكەر،
بېشىمىزدا بولسا تومۇر كۇلاھلار.
ئىككى تەرەپ بۇلۇت بولۇپ ئات سالدى،
يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى بىر - بىرىگە.
ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە ئېتىلدى،



گويا پەلەك ئورۇلغاندەك زېمىنگە.
ئولۇم سېلى دولقۇن بولۇپ يامرايتتى،
ئىدۇق ئەجەل توپاندا بىز گويا.
يۇتماق بولۇپ باھادىرلار ئېلىنى،
ئاغزىنى چوڭ ئاچار ئىدى ئەجدىھا.
بولدى زېمىن تۇمانلاشقان ئاسماندەك،
قىلىچ - نەيزە ئىدى ئۇنىڭ يۇلتۇزى.
ئىشلاتتى لەشكەر ئوقتەك لەشكەرگە،
يەر يۇزىدە قالار ئىدى قان ئىزى.
تېشىپ تۇردى ياۋ كوكسىنى نەيزىمىز،
لېكىن مەغلۇپ بولۇۋەردۇق ھەدىسە.
نىمە پايدا بىرەر باتۇر غەيرىتى،
بەختى - تەلەي ئاڭا مەدەت بەرمىسە.
توپىمىزدىن ھېچكىم ئامان قالمىدى،
ھەممىمىزنى قان ئەيلىدى تېگىپ ئوق.
ئاۋال ئۇزۇم باشىغىدەك زىچ ئىدۇق،
كېيىن ئۇزۇم دانىسىدەك چېچىلدۇق.

## ھىكايەت

ماختاپ بەردى ئوزىنى سا قوزغۇنغا:
ھېچكىم مەندەك كورەلمەيدۇ يىراقنى.
دېدى تۇزغۇن: قېنى، كورۇپ باقاي مەن،
قاراپ كورگىن چوللەرنى ۋە ئوتلاقنى.
كورمەك بولۇپ كوتىرىلىپ ئۇچتى سا،
قايتىپ كېلىپ دېدى: قۇرۇق بۇ چوللەر.

خۇددى يادەك ئەگمىش ئۇنىڭ قەددىنى،
ئىدىڭ ئۇزەك شىرنى يەڭگەن پەھلىۋان،
قېرى تۈلكە بوپسەن، دېدىم گەپ تەشتىم.
دېدى كۈلۈپ: پەھلىۋانلىق يوق بولدى،
يۇرۇپ موغۇل جەڭلەردە تۈگەشتىم.
نەيزە ئۇرمان بولغان ئىدى ئۇ جەڭدە،
ئاتلار يايلى تاۋلىناتتى يالقۇندەك.
مەيدان ئارا تۇتۇن بولۇپ باسساقمۇ،
ئامەت كەتتى، مەغلۇپ بولدۇق بىز بىردەك.
ئالار ئىدىم ياۋ قولىدىن ئۇزۇكنى،
ھۇجۇم بىلەن بىرلا ئۇرۇپ نەيزىدە.
بەختىم مەدەت ئەيلىمىدى، ياۋ مېنى —
ئۈزۈك بولۇپ ئۇراپ ئالدى گۈرزىدە.
قالسا ئەجەل قورشاۋىدا نە پايدا؟
قاچتىم شۇئان، ئۇ مەيداندا قالمىدىم.
قورال كۈچى يار بولامدۇ زەپەرگە،
قانلىق جەڭدە ئۇك كەلمىسە تەلىيىم؟
ئەگەر ئاچقۇچ بولمىسا ئۇز قولۇڭدا،
بەختى - تەلەي بولماس ماڭغان يولۇڭدا.
شىر ۋە پىلدىن كۈچلۈك ئىدى توپىمىز،
ساۋۇت كىيدۇق، تومۇر كىيدى ھەم ئاتلار.
ئالدىمىزدىن چىقىپ كەلدى كوپ لەشكەر،
بېشىمىزدا بولسا تومۇر كۇلاھلار.
ئىككى تەرەپ بۇلۇت بولۇپ ئات سالدى،
يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى بىر - بىرىگە.
ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە ئېتىلدى،


گويا پەلەك ئۇرۇلغاندەك زېمىنگە.
ئۇلۇم سېلى دولقۇن بولۇپ يامرايتتى،
ئىدۇق ئەجەل توپاندا بىز گويا.
يۇتماق بولۇپ باھادىرلار ئېلىنى،
ئاغزىنى چوڭ ئاچار ئىدى ئەجدىھا.
بولدى زېمىن تۇمانلاشقان ئاسماندەك.
قىلىچ - نەيزە ئىدى ئۇنىڭ يۇلتۇزى.
ئېتىلاتتى لەشكەر ئوقتەك لەشكەرگە.
يەر يۇزىدە قالار ئىدى قان ئىزى.
تېشىپ تۇردى ياۋ كوكسىنى نەيزىمىز،
لېكىن مەغلۇپ بولۇۋەردۇق ھەددىسە.
نىمە پايدا بىرەر باتۇر غەيرىتى،
بەختى - تەلەي ئاڭا مەدەت بەرمىسە.
توپىمىزدىن ھېچكىم ئامان قالمىدى،
ھەممىمىزنى قان ئەيلىدى تېگىپ ئوق.
ئاۋال ئۇزۇم باشىغىدەك زىچ ئىدۇق،
كېيىن ئۇزۇم دانىسىدەك چېچىلدۇق.

### ھىكايەت

ماختاپ بەردى ئوزىنى سا قۇزغۇنغا:
ھېچكىم مەندەك كورەلمەيدۇ يىراقنى.
دېدى تۇزغۇن: قېنى، كورۇپ باقاي مەن،
قاراپ كورگىن چوللەرنى ۋە ئوتلاقنى.
كورمەك بولۇپ كوتىرىلىپ ئۇچتى سا،
قايتىپ كېلىپ دېدى: قۇرۇق بۇ چوللەر.

بىر تال بۇغداي بولدى پەقەت كورگىنىم،
بۇ سوزۇمگە ئىشەنچ قىلساڭ سەن ئەگەر.
قاراپ باقتى شۇ دەم قۇزغۇن چوقىدىن،
كوز تاشلىدى داننى ئىزلەپ يىراققا.
ئۇ بۇغداينى باستى ئۇچۇپ بېرىپ سا،
ئەمما ئوزى چۇشۇپ قالدى توزاققا.
ئوگاي ئەمەس بۇ دۇنيادا دان يىمەك،
بىلەلمىدى سا توزاقتا تارتتى دەرت.
دۇر چىقمايدۇ ئۇچرىغانلا سەدەپتىن،
ئاتقان ئوقۇڭ تېگىۋەرمەس هەر نوۋەت.
دىدى قۇزغۇن: كوردۇم ئوتكۇر كوزۇڭنى،
بۇ توزاققا ئىلىندۇردى ئوزەڭنى!

× ×

لاپ ئۇرمىغىن هەرگىز مەرتلىك توغرىلىق،
سوز قىلغاندا قاراپ سوزلە ئەتراپقا.
ئوزكۇچىگە بېقىپ سوزلەر مەرت ئادەم،
لاپ ئۇرمىسا قالماس هەرگىز ئۇياتقا.
ئوتنە ئالغان كىيىمڭنى قايتۇرساڭ،
قالار سەندە يەنە كونا يەكتەكلەر.
ياغاچ ئاياق باغلىۋالما پۇتۇڭغا،
سېنى پەقەت نوچا دەيدۇ گۇدەكلەر.
تىللا سۇپەت مىسنى كورلار ئالىدۇ،
تىللا كەبى ساتالىشىڭ بەك قىيىن.
ئالتۇن سۇيى يوگەرتمىگىن تەڭگەڭگە،



ئۇنىڭ قەدرى دانا ئۇچۇن بىر تىيىن.
سىناش ئۇچۇن ئوتقا سالسا تەڭگەڭنى،
يوق بولىدۇ ئۇستىدىكى يالتىراق.
ئوزىنى پاك كورسەتكۇچى ئىپلاستىن،
بىلسەڭ ئاقىل، قاراقچىلار ياخشىراق.
دەريا سۇزۇك بولسا بەرمە ئىشتىۋار،
تىرەنلىكتە ياتار بەلكى لاي - لاتقا.
يوشۇرمىغىن ناچار بولسا ئەهۋالىڭ،
يالغانچىلىق قالدۇرىدۇ ئۇياتتا.
ناچار بولۇپ كورۇنىدۇ كىيىمۇ،
تېشى ياخشى، ناچار بولسا ئەستىرى.
ئوزەڭ ئۇچۇن ئىستەر بولساڭ ياخشى نام،
پەداز قىلىپ يۇرمە هەرگىز ئەل سىرى.
بۇ مەنىلەر، بۇ نەسىهەت يېتەرلىك،
بۇ سەئىدنى ئاتا بىلسەڭ ئەي ئوغلان!
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمساڭ سوزىنى،
كېيىنچىرەك يەپ قالىسەن پۇشايمان.
قەدرىنى بىل نەسىهەتچى قېرىنىڭ،
مۇسىنى يىگىن ئۇنىڭ بېغىنىڭ.

## ئالتىنچى باپ

### قانائەت توغرىسىدا

كوپ ئاۋارە بېخىللارغا دىگىنكى:
بۇ دۇنيادا بايلىق دىگەن قانائەت.

بىر تال بۇغداي بولدى پەقەت كورگىنىم،
بۇ سوزۇمگە ئىشەنىچ قىلساڭ سەن ئەگەر.
قاراپ باقتى شۇ دەم قۇزغۇن چوققىدىن،
كوز تاشلىدى داننى ئىزلەپ يىراققا.
ئۇ بۇغداينى باستى ئۇچۇپ بىرىپ سا،
ئەمما ئوزى چۇشۇپ قالدى توزاققا.
ئوگاي ئەمەس بۇ دۇنيادا دان يىمەك،
بىلەلمىدى سا توزاقتا تارتتى دەرت.
دۇر چىقمايدۇ ئۇچرىغانلا سەدەپتىن،
ئاتقان ئوقۇڭ تېگىشۋەرمەس ھەر نوۋەت.
دىدى قۇزغۇن: كوردۇم ئوتكۇر كوزۇگنى،
بۇ توزاققا ئىلىندۇردى ئوزەڭنى!

× ×

لاپ ئۇرمىغىن ھەرگىز مەرتلىك توغرىلىق،
سوز قىلغاندا قاراپ سوزلە ئەتراپقا.
ئوزكۇچىگە بېقىپ سوزلەر مەرت ئادەم،
لاپ ئۇرمىسا قالماس ھەرگىز ئۇياتقا.
ئوتنە ئالغان كىيىمىڭنى قايتۇرساڭ،
قالار سەندە يەنە كونا يەكتەكلەر.
ياغاچ ئاياق باغلىۋالما پۇتۇڭغا،
سىينى پەقەت نوچا دەيدۇ گۇدەكلەر.
تىللا سۇپەت مىسنى كورلار ئالدۇ،
تىللا كەبى ساتالىشىڭ بەك قىيىن.
ئالتۇن سۇيى يوگەرتمىگىن تەڭگەڭگە،



ئۇنىڭ قەدرى دانا ئۇچۇن بىر تىيىن.
سىناش ئۇچۇن ئوتقا سالسا تەڭگەڭنى،
يوق بولىدۇ ئۇستىدىكى يالتىراق.
ئوزىنى پاك كورسەتكۇچى ئىپلاستىن،
بىلسەڭ ئاقىل، قاراقچىلار ياخشىراق.
دەريا سۇزۇك بولسا بەرمە ئىشەنۋار،
تىرەنلىكتە ياتار بەلكى لاي - لاتقا.
يوشۇرمىغىن ناچار بولسا ئەھۋالىڭ،
يالغانچىلىق قالدۇرىدۇ ئۇياتتا.
ناچار بولۇپ كورۇنىدۇ كىيىمۇ،
تېشى ياخشى، ناچار بولسا ئەستىرى.
ئوزەڭ ئۇچۇن ئىستەر بولساڭ ياخشى نام،
پەداز قىلىپ يۇرمە ھەرگىز ئەل سىرى.
بۇ مەنىلەر، بۇ نەسىھەت يېتەرلىك،
بۇ سەئىدىنى ئاتا بىلسەڭ ئەي ئوغلان!
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىمىساڭ سوزىنى،
كېيىنچىرەك يەپ قالىسەن پۇشايمان.
قەدرىنى بىل نەسىھەتچى قېرىنىڭ،
مۇسنى يىگىن ئۇنىڭ بېغىنىڭ.

## ئالتىنچى باپ

### قانائەت توغرىسىدا

كوپ ئاۋارە بېخىللارغا دىگىنكى:
بۇ دۇنيادا بايلىق دىگەن قانائەت.

چاشقان كەبى ئېتىلمىغىن سەن نانغا،
ئويلا، چوشۇپ قېلىشىڭنى قاپقانغا.

## ھىكايەت

بەردى سوگەك تاغىغىنى بىر ھاجى،
ئاپىرىن، دەپ ئۇلۇغلىدىم مەن ئۇنى.
ئاڭلىدىمكى، مېنى ئىت دەپ تىللاپتۇ،
مەندىن خاپا بولۇپ قالغان بىر كۈنى.
تاغىغىنى تاشلاپ بېرىپ ئال! دېدىم،
بىلىپ قويكى، ئىتىڭ ئەمەس مەن سېنىڭ.
ئاچچىق سىركەم ياخشى مېنىڭ ئۇزەمگە،
تاتلىق ئەمەس ھالۋىسىمۇ ئۇزگىنىڭ.
قانائەت قىل، قانائەت قىل ئەي نەپسى،
شاھ ـ گادايىنى كورگىن بىردەك باراۋەر.
كىرىپ قالما يامان ھەۋەس كەينىگە،
قىزىل كوزلۇك قىلما، بولما تاماگەر.
نەپسىڭ ئۇچۇن سەرپ قىلساڭ بارىڭنى،
تىلەمچى بول دۇمباق قىلىپ قارنىڭنى!

## ھىكايەت

بىر تاماگەر سالام قىلىپ ھەركۈنى،
خىۋاخانغا قىلار ئىدى خوشامەت.
يۈزلىرىنى سۇرتەر ئىدى تۇپراققا،

ئۈزەڭنى تۇت، سەۋر قىلغىن تاغ كەبى،
قۇرۇق تاشتىن ئۈنۈپ چىقماس زىرائەت.
ئاقىل بولساڭ سەمرىتمىگىن تېنىڭنى،
سەمرىپ كېتىش ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.
توق قوساقتا ئارتۇق ئىلىم سىغمايدۇ،
ئاقىل بولساڭ ئىزلە دائىم سەن ھۈنەر.
بولسا ئەگەر توغرا ئىنسان خىسلىتى،
كىشى ھەرگىز قوغلاشمايدۇ نەپسىنى.
يېيىش، ئۇخلاش ئىشى تىلسىز ھايۋاننىڭ،
قىلما ھەرگىز مۇنداق ھايۋان كەسپىنى.
كوپ بەختىيار بولار، كىمكى خىلۋەتتە،
قوبۇل قىلسا ئىلىم ـ بىلىم بەھرىنى.
بىلەلمىسە زۇلمەتنىمۇ، نۇرنىمۇ،
پەرق قىلالماس دىۋە بىلەن پەرىنى.
شۇنىڭ ئۈچۈن يىقىلدىڭكى قۇدۇققا،
ماڭغان يولغا قاراتمىدىڭ كوزۇڭنى.
ئادەم بولساڭ ھەۋەس قىلىپ كوپ يىمە،
ئەگەر خۇم دەپ ئويلىمساڭ ئۆزەڭنى.
چۈشەنمەيدۇ بۇنى نەپسى بالالار،
ھىكمەتلەرگە ئورۇن بەرمەس توق قوساق.
قارنىڭ تويسا كوزۇڭ تويماس ھېچقاچان،
ئاشقازاننىڭ كەم قالغىنى ياخشىراق.
بەزەن چاغدا ھوكىرىگەن شىرلارمۇ،
نەپسى ئۈچۈن چۈشۈپ قالار تورزاققا.
كوپ ۋەھشىلەر يېگىلىدۇ يەمچۈكتىن،
جان بېرىدۇ قالماي ئانچە ئۇزاققا.

نەپسىڭ يىگىن دىگەنىلا يەۋەرسەڭ،
كىيىن كۆڭنى ئۆتكۈزمىگىڭ تەس بولار.
ھە دىگەندە قويۇپ بەرسەڭ قارنىڭنى،
كىيىن دائىم تاپالمىساڭ بولار دەرت.
ئازراق يىسەڭ توكۇن - چىچىن ۋاقتىدا،
چىدالايسەن كەلسە ئاچلىق ۋە كۆلپەت.
كوپ يىگەنلەر قىيرىن يۇكى توشۇيدۇ،
تاپالمىسا غەم يۇكىگە بۇلار خار.
خىجالەتتە يۇرەر ھامان ئاچكوزلەر،
ئۆزەگىنى تارت، بولما ئەمما كوڭلى تار.

## ھىكايەت

مەن بەسرەدىن ئېلىپ كەلدىم شىرىن سوز،
خورمىدىنمۇ سىڭمىشلىگرەك، گوشتى توق.
ئاگلا ئۇنى: بىرقانچىمىز بىر كۈنى،
خورمىزاردىن ئوتۇپ كىتىپ باراتتۇق؛
ئارىمىزدا قارنى يامان بار ئىدى،
خورما كوردى، ياماشتى ئۇ شۇ ھامان.
خار بولاتتى دائىم نەپسى كەينىدە،
ئۇ دەرەختىن يىقىلدى - دە، بەردى جان.
بىزنى سوئال - سوراق قىلدى ئاقساقال،
كىمنىڭ ئىشى؟ ئۇ نىمىشقا ئولدى؟ دەپ.
دىدىم ئاگا: كوتىرەلمەي قارنىنى،
ئۈنىڭ ئوزى چۈشۈپ كەتتى گوپۇلدىپ.
باشتىن - ئاياق قوساق بولار چىكەتكە،

تازىم بىلەن بايان قىلىپ ئۆتنائەت.
دىدى ئوغلى: ئاڭلا ئېزىز ئاتىجان،
چۈشەنمىدىم، نەدە سىنىڭ ھىجازىڭ؟
ئېيتقانىتىڭغۇ ئوزەڭ ھىجاز - قىبلە دەپ،
نىمە ئۇچۈن خانىغا بولدى نامازىڭ؟
بېشىڭ كوككە يەتكەي قىلساڭ قانائەت،
تەمە قىلساڭ كېتەر بەتتەر ئامىتىڭ.
پارچە نانغا سېتىۋەتمە قەدرىڭنى،
تەمە بىلەن يوق بولىدۇ ھورمىتىڭ.
ئەگەر ھەركىم تەمە قۇلى بولمىسا،
ئەركىن بولار، ئازات ئوتەر تۇرمۇشى.
تەمەسىنى جەمىيەتتىن چىقارغاي،
تەمە ئەمەس ۋىجدانى بار ئەر ئىشى.

## ھىكايەت

بىراۋ بەزگەك بولۇپ قالدى، بىر دوستى،
دىدى: ھەسەل شىپا قىلار بۇ دەرتكە.
ئېيتتى كېسەل ئولۇم ماڭا ياخشى دەپ،
بىر بېخىلدا دۇچ كەلگەچكە مىننەتكە.
بىراۋ ئەگەر كىبىر بىلەن ھومايىسا،
ھىچكىم كېلىپ يىمەس ئۇنىڭ بالىنى.
كوڭلۇڭ نىمە تارتسا شۇنى ئىزلىمە،
سەمرىپ كەتمە، ئويلا جانىڭ ھالىنى.
ئاقىل بولساڭ خار ئەيلىگىن نەپسىنى،
ئەمما ئوزەڭ بولۇپ قالما ماڭا خار.

ئارپا نېنى تېپىپ يېسەم تەر توكۇپ،
ئۇ ئۇزگىنىڭ ئاق نېنىدىن ياخشىراق.
ئۇخلىمايدۇ قارنى يامان تۈن بويى،
باشقىلارنىڭ گاڙ - گۇڙىغا سىپ قۇلاق.

## ھىكايەت

قېرى ۋە تول بىر مومايىنىڭ مۈشۈكى،
ياشار ئىدى ھالى خاراپ، بولماي توق.
ئېشىپ چۈشۈپ شاھ تېمىدىن بىر كۈنى،
قورادىكى ساقچىلاردىن يېدى ئوق.
قاچتى دەرھال سورەپ قانلىق تېنىنى،
ۋە دەر ئىدى قورقۇپ ئۆلۈم ۋەھىمىدىن:
ماڭا موماي ۋە چاشقانمۇ كۆپايە،
قۇتۇلسامدا مۈشۈ تەمە دەردىدىن.
ھەسەل ئىزلەپ چېقىپ بۆگۈن يېدىم ئوق،
قانائەتلىك بولسام ئىدىم بۇ كۈن يوق.

× ×

ئاڭلىدىمكى، قەدىمدە بىر ئەۋلىيا،
قارا تاشنى ئالتۇن قىپتۇ ۋادىدا.
باش چايقىما، ئالتۇن بىلەن قارا تاش،
پەرقلەنمەس قانائەتنىڭ ئالدىدا.
گۆدەكلەرچە پاك دىل بولساڭ سەن ئەگەر،
ئالتۇن بىلەن تەپراق بولار باراۋەر.

چۈمۈلىلەر سورەر ئەمما پۈتىنى.
ئۆزەڭنى تۇت، قوساق تامام تويىدۇ،
پەقەت گوردە توشقازغاندا توپىنى.
ھەرگىز تاماق تاللىمايسەن ئاچ بولساڭ،
نىمە يىسەڭ قوساق شۇندا تويغۇسى.
تاشمۇ ياستۇق بولار بەزەن كىشىگە،
ئەگەر راسا كېلىپ كەتسە ئۇيقۇسى.
كوپ سوزلىمە بىلگەنلىرىڭ ئاز بولسا،
مەيدان كەڭرى بولسا ئوينا توپ ئاندىن.
ماختانمىغىن ئۇچرىغانلا كىشىگە،
ئېھتىيات قىل، چىقىپ كەتمە مۇقامدىن.

## ھىكايەت

بىراۋ دائىم پىياز بىلەن نان يەيتتى،
ئوبدان غىزا يىگەندىمۇ باشقىلار.
— ئەي ئەقىلسىز، دىدى بىراۋ — ئوزگىدەك —
چىلان تېپىپ يىگىن سەنمۇ ئاز - تولا.
باشقىلاردىن تالاش ئۇنى، ئۇيالما،
تارتىنما ھىچ، ئالغىن شىردەك ئېتىلىپ.
بۇ كەمبەغەل بېرىپ چىلان تالاشتى،
قولى سۇندى، كەتتى چاپان يىرتىلىپ.
ئاڭلىدىمكى، ئۇ زارۇ - زار يىغلايتتى،
ئېيتار ئىدى: ئوزەم قىلدىم ئوزەمگە.
پىياز بىلەن نېنىم ئىدى كوپ ياخشى،
تاماگەرلىك توپا چاچتى كوزۇمگە.

# يەتتىنچى باپ

## تەربىيەت توغرىسىدا

خۇلقۇ ـ ۋىجدان توغرىسىدا بۇ بابىم،
ئەمەس جەڭ، ئات، مەيدانلارنىڭ باياني.
نەپسىڭ بىللە سېنىڭ ئاقىل، نە ئۈچۈن —
جەڭ ـ جىدەلدىن تېچ قىلمايسەن دۇنيانى؟
مەرت ئادەملەر تېپىپ دائىم نەپسىنى،
زەپەر تاپتى ھالاللىقتىن، ئىززەتتىن.
باشقىلارنى ئۈرۈپ مېيىپ قىلغىچە،
ئۆزۈڭنى ئۇر ۋە گۇدەكتەك تۈزەتكىن.
تىزگىنىڭنى تۇتالمساڭ ئۆزۈڭنىڭ،
ياۋ غەم يەمەس، ئارتۇق بولماس تەسىرىڭ.
ياخشىمۇ بار، يامانمۇ بار شەھەر سەن،
ئۆزۈڭ شاھسەن، ئەقىل سېنىڭ ۋەزىرىڭ.
رازىلىقنى ـ توغرىلىقنى خوپ دەيمىز،
تەكەببۇرلۇق، ئوغرىلىقتۇر يامانلىق.
يامانلارغا مېھرىۋانلىق قىلسا شاھ،
ئەقىل ئەھلى تاپالامدۇ ئامانلىق؟
ھىرس ـ شەھۋەت سېنى پايلاپ يۈرىدۇ،
تېنىڭدە جان، تومۇرۇڭدا بولۇپ قان.
بۇ ياۋلىرىڭ تاپسا ئەگەر كامالەت،
ئۆزەڭ روناق تاپالمايسەن ھېچقاچان.

گاداي شاھۇ، شاھلار بولار گادايدەك،
گاداي تويار بىر پۇل چۈشسە ئىلكىگە.
ئەمما دۆلەت سوراپ ياتقان فەرىدۇن،
تويۇنمايدۇ پۈتۈن ئەجەم مۈلكىگە.
بايلىقنىڭمۇ ئۆزگە يارىشا غېمى بار،
بايلار بىغەم ئۇخلىيالماس قورغاندا.
مۈلكى تولا، غېمى تولا شاھلاردىن،
غەمسىز گاداي ياخشىراقتۇر جاھاندا:
ئارام ئالار دىخان بىلەن ئايالى،
شاھ ئۇخلىماس بولۇپ دۆلەت غېمىدا.
ياماقچىمۇ ياكى جاھان شاھىمۇ،
كۈن كۆرىدۇ ئۇ ئۇخلىغان چېغىدا.
شۈكرى خۇدا! سەن ئەمەسسەن زوراۋان،
ئىشىڭ ئەمەس ئەلگە زىيان خالىماق.
تەكتىن ئۈزۈم چىقىۋەرمەس ھەرىسلى،
گاھى مىۋە، گاھى بىرەر يوپۇرماق.
پاك دىل ئادەم چۈشۈپ قالسا زىندانغا،
قۇياش بولۇپ بالقىپ چىقار بۇلۇتتىن.
ھەسەتچىنىڭ پەرقى بولماس زىنداندا،
سۇغا چۈشۈپ ئۆچۈپ قالغان بىر ئوتتىن.
ئايلانماقتا قارارى يوق بۇ پەلەك،
جاھان كەزدى بۇ سەئىدىمۇ كۈنۈ-تۈن.
زامان ئىچرە بولما ھەرگىز نائۈمىت،
قاراڭغۇدىن تۇغۇلىدۇ يورۇق كۈن.

## ھىكايەت

تەكەش① بىركۈن ئۆز قۇلىغا سىر بەردى،
يۇرمە دىدى باشقىلارغا سەن سوزلەپ.
لېكىن قۇلى ئېيتىپ قويدى بىراۋغا،
تەكەش ئۇنى ئىللاپ كەتتى ئەۋزەلەپ.
دىدى سۇلتان: كوڭلى قارا ئەي ئىپلاس،
يىللار بويى ئېيتمىغانمەن، مەن ئويلاپ:
پەقەت ساڭا ئىشەنچ قىلىپ ئېيتقاندىم،
بىركۈندىلا تاراپ كەتتى ئەل بويلاپ.
تەكەش دەرھال پەرمان بەردى جاللاتقا:
كاللىسىنى تەنلىرىدىن قىل جۇدا!!
ئەيىپكاردىن بىرى دىدى: ئەي سۇلتان،
ئۆلتۈرمىگىن، ئەككىمىزدە يوق گۇنا.
ئۆزەڭ ئاۋال ئەتمەي قويدۇڭ بۇلاقنى،
سىلار كەلگۈن بولۇپ ساينى بويلايدۇ.
ئىچ سىرىڭنى ئېيتما ھەرگىز باشقىغا،
باشقىلارغا ئۇمۇ ئېيتماي قويمايدۇ.
غەزىنچىگە تاپشۇر بولسا ئالتۇنۇڭ،
ئەمما دىلدا پىنھان ساقلا سىرىڭنى.
بىراۋلارغا ئېيتىپ قويساڭ چىدالماي،
بالا تېرىپ تېچ قويمايدۇ بېشىڭنى.

---

① تەكەش — خارەزىم پادىشاسى، ئىسمى سۇلتان ئەلائۇددىن، ھىجرى 596 - يىلىدا ۋاپات قىلغان.

غىڭ قىلالماس ۋۇجۇدۇڭدا كىبىرلىك.
ئەقىل مۇشتۇڭ تۇرسا ئۇنى جازالاپ.
بۇ توغرىدا ھاجىتى يوق كوپ سوزنىڭ،
بۇ سوزۇمگە قۇلاق سالساڭ سەن خالاپ.
كامالەتكە يەتكەن كىشى سەدەپتەك،
ئىغىز ئاچار كېلىپ قالسا گوھىرى.
گېپى تولا بولسا ئەگەر بىراۋنىڭ،
كىشىلەرگە كارقىلمايدۇ سوزلىرى.
توختىماستىن سوزلەۋەرسەڭ، ئوزگىنىڭ،
سوزلىرىگە سالالمايسەن سەن قۇلاق.
توغرا سوزمۇ، خاتا سوزمۇ، سەۋرى قىل،
ھازىر جاۋاپ بولمىغىنىڭ ياخشىراق.
ئىنسان ئۇچۇن كامالەتتۇر سوز دىگەن،
بىلمەي تۇرۇپ ۋالاقلىما، سوزلە ئاز.
يېقىنلاشما گېپى تولا ئادەمگە،
قىلغان سوزۇڭ ئاز بولسۇنۇ، بولسۇن ساز.
ئاتقان يۇزلەپ ئوقۇڭ بىكار تەگمىسە،
نىشانغا ئۇر پەقەت بىر ئوق ئارقىلىق.
قىلمايدۇ مەرت يوق كىشىنىڭ گېپىنى،
ئەگەر ئۇ گىدىپ ئېلىپ كەلسە خاپىلىق.
غەيۋەت قىلساڭ قۇلىغى بار تامنىڭمۇ،
ئارقىسىدىن غاجاپ يۇرمە ئىنسانىنى.
دىلىڭ شەھەر، سىرىڭ بولسۇن بىر مەھبۇس،
مەھبۇس ئۇچۇن قاتتىق تۇتقىن زىندانىنى.
ئەقلىڭ بىلەن تارتىپ يۇرسەڭ تىلىڭنى،
مەجلىس ئارا يورۇتىدۇ قەلبىڭنى.

ئەللەر خەۋەر تاپالمايدۇ ئەقلىمدىن.
ئېغىز ئېچىپ ئۇ گەپ قىلدى ئاخىرى،
ئاڭلاپ خەلق دېدى: ئىكەن بۇ نادان.
مۇنداق نادان كۆرمىگەنتۇق مىسىردا،
دېدى خەلق بىزار بولدى شۇ ھامان.
چاتاق قىلدىم دەپ ئويلىدى ئۇ كىشى،
گەپ قىلمىسام بىلمەس ئىدى ئەسلىمنى.
بولغان ئىكەن نىقاۋىمنى ئالمىسام،
ئۇلار ھامان گۈزەل دەيتتى ئەپتىمنى.
جىم ئولتۇرماق ئەر سۈلتى، ئەي ئاكا،
باشقىلاردىن پىنھان قىلار سىرىڭنى.
ئاقىل بولساڭ ھۆرمىتىڭنى ساقلىغىن،
گەپنى ئاز قىل روشەن قىلىپ ئەقلىڭنى.
ئىچىپ قويما دىل سىرىڭنى ئالدىراپ،
كېرەك چاغدا ئاچقىن ئۇنى بىلسەڭ خوپ.
ئەگەر سىرىڭ ئەل ئىچىدە بولسا پاش،
كېيىن ئۇنى ئالالمايسەن قايتۇرۇپ.
ئادەم سۆزلەر، سۆزلىمەيدۇ مەخلۇقات،
ئىچ سىرىڭنى يايماس ئېيتساڭ ھايۋانغا.
ھايۋان بولۇپ جىم يۈرگىنىڭ ياخشىراق،
سىر بەرگىچە شاللاق مىجەز ئىنسانغا.
ئادەم ئۈچۈن ئەقىل بىلەن سۆز كېرەك،
سۆز ئۆگەنمە سەن ئەقىلسىز تۇتىدەك.
سۆز بىلەندۇر ئادەم پەرقى ھايۋاندىن،
سۆزلىمىگىن خاتا سۆزنى، قوي بىردەك.

رۇستەم پالۋان بولغان بىلەن بىر بالا،
تولپارنى ئېتەلەيدۇ بوشىتىپ.
بوشاپ ئېتى، قېچىپ كەتسە چول ئارا،
يۈزلەپ رۇستەم ئىزلەپ چىقار خۇن بولۇپ.
مۇنداق سوزنى ئېيتىپ يۈرمە، قىلما پاش،
ئەگەر ئۇ سوز بىلەن بىللە كەتسە باش.
ئوز ئېرىگە مۇنداق دىدى بىر ئايال:
ئېھتىيات قىل قىلغان ھەربىر سوزۈڭگە.
گەپ ئاچمىغىن بىلمىگىنىڭ توغرىلىق،
كېيىن يېنىپ كەلمىسۇن ئۇ ئوزەڭگە.
بۇغداي ئەكسەڭ ئارپا ئۈنۈپ چىقمايدۇ،
دۇئا قىلماس ھېچكىم ئوزەڭ سوككەن دەم.
بىراھمانىنىڭ① سوزى توغرا ئېيتىلغان:
"ھورمىتىنى ساقلار ئوزى ھەر ئادەم".

## ھىكايەت

گەپ قىلماستىن يۈردى ئۇزاق مىسىردا،
خوش مىجەزلىك، ئەسكى چاپان دىۋانە.
ئەتراپىدىن كېتەلمەيتتى كىشىلەر،
قىزىقسىنىپ، بولۇپ ئاڭا پەرۋانە.
بىر ئاخشىمى خىيال قىلدى ئۇ كىشى،
بىلگەنلىرىم پىنھان بولدى تىلىمدىن.
ئوزاق زامان يۈرسەم ئەگەر مۇشۇنداق

---

① بىراھمان — بۇتپەرەستلەر رەھبىرى.

## هكايەت

قاتتىق كېسەل بوپتۇ ئوغلى ئازۇد①نىڭ،
كورۇپ ئۇنى بوپتۇ ئاتا بىتاقەت.
دەپتۇ بىراۋ: ساقىيدۇ بۇ ئوغلۇڭ،
قۇشلىرىڭنى ئازات قىلساڭ سەن پەقەت.
سۇندۇردى شاھ قەپەزلەرنى بىر - بىرلەپ،
قاچتى قۇشلار، ماكان بولدى تاغ - دالا.
پەقەت شاھنىڭ خۇش ناۋالىق بۇلبۇلى،
قېلىپ قالدى قەپەز ئىچرە، باغ ئارا.
باغ ئىچىدە يالغۇز ئوزى سايرايتتى،
كېلىپ كوردى ئوغۇل ئۇنى سەھەردە.
دىدى كۇلۇپ: تۇتۇلۇپسەن تىلىڭدىن،
قالماس ئىدىڭ سايرىمىساڭ ئەگەردە.
كەپ قىلمىساڭ كىمنىڭ نىمە ئىشى بار؟
تۇتۇلۇپسەن سايراپ يۇرۇپ كوپ زامان.
كوپ سوزلۇكنى خالىمايتتى سەئىدىمۇ،
يۇردى شۇڭا مالامەتتىن ئۇ ئامان.
يامان سوزگە قۇلاق سالما سەن بەندە،
كوزۇڭنى يۇم يالىڭاچنى كورگەندە.

## هكايەت

شوخ بەزمىگە بېسىپ كىردى بىر كىشى،
چېقىۋەتتى سازەندىنىڭ سازىنى.

① ئازۇد — ئازۇدىد دەۋلە، پارسىلارنىڭ قەدىمقى پادىشالىرىدىن.

## ھكايەت

بىر پالـۋان جەڭدە قىلدى خاتا سوز،
ئاڭلىغانلار ياقىغا قول ئۇزاتتى.
ئەلەم بىلەن يىغلاپ كەتتى مۇشت يىگەچ،
جاھان كورگەن ئاقىل شۇندا سوز قاتتى:
سەن ئاغزىڭنى تۇتقان بولساڭ غۇنچىدەك،
ياقىلىرىڭ بولماس ئىدى گۇل سىمان.
قىلغان سوزى لاپ بولىدۇ پۇتۇنلەي،
ئاساسى يوق سوزلەپ يۇرسە ھەر ئىنسان.
ھەممە يىرى تىل بولىدۇ يالقۇننىڭ،
ئوچۇرگىنىڭ ياخشى ئۇنى سۇ سىپىپ.
مەن ھۇنەرۋەن دىمەس ھەرگىز ھۇنەرۋەن،
ھۇنەر ئوزى تۇرغان چاغدا كورسىتىپ.
مۇشۇگۇم بار دەپ ئېيتمىغىن، بار بولسا،
مۇشۇك ئوزى مياڭلايدۇ سىپايە.
قەسەم قىلما جىڭ ئىدى دەپ ئالتۇنۇم،
سوزلىمەككە مەھەك تىشى① كۇپايە.
دەر سادىلار ئۇلپەت ئەمەس بۇسەئىدى،
كەم سوزلۇكنى كورۇپ دائىم مىنىگدىن.
ئارتۇق گەپكە تاقىتىم يوق، تىرەمنى —
شىلىۋالساڭ ياخشى بەلكى ئۇنىگدىن.

---

① مەھەك تىشى — ئالتۇننى ئوزىگە تارتىدىغان قارا تاش.

تاش - كىسەككە سوندۇم دەرھال قولۇمنى.
ئورۇپ - تىللاپ قوغلىۋەتتىم دىۋىنى،
بولۇت كەتتى گويا باغنىڭ ئۈستىدىن.
يورۇق كۈننى قارا تۈندىن ئاجراتتىم.
تۇخۇم چىقتى گويا قاغا ئاستىدىن.
قوپۇپ قاچتى قورقۇپ كەتكەن ئۇ دىۋە،
ئەمما قىزنىڭ دەۋاسىغا قالدىم مەن.
ۋاقىرىدى: جۇلدۇر چاپان، ھىلىگەر،
كوردۇم ئۇزەڭ بۇزۇق نىيەت ئىكەنسەن
ئۈزۈن بولدى كويۇپ يۈرگەن مەن ئاگا،
ئىدىم ئۆزەم دىل پارىلار ئەھلىدىن.
مىنىڭ ئاغزىم ئەندى ئاشقا تەككەندە،
مەھرۇم قىلدىڭ سەن غىزانىڭ بەھرىدىن.
دىدى پەرى، دادۇ - پەريات كوتەردى:
مېھرۇ - شەپقەت قالغانمۇ بۇ دۇنيادا!؟
بۇ قىرىدىن ئالار ئىدىم مەن قىساس،
بىرەر مەردۇ - مەردان يىگىت بولغاندا.
ئىنزا تارتماي ئالجىپ قالغان بۇ قىرى،
قوللىرىنى كوكرىگىمگە ئۇزاتتى —
دەپ ئىبىسلىدى بۇ قىز دەرھال ياقامغا،
ئاھانىتى جاننى ئورتەۋاتاتتى.
قورقۇپ كەتتىم كۇتۇلمىگەن ۋاقەدىن،
قاچتىم دەرھال يېشىپ تاشلاپ چاپاننى.
سەنمۇ بەلكى قورقار ئىدىڭ مەن كەبى،
كورگەن بولساڭ ۋەھىمىلىك بۇ ئاننى.
ئۇچراپ قالدى يولدا نەچچە مۇتەھەم،

سازەندىنى ئۇردى تۇتۇپ ساقالىدىن،
ئىشقا سېلىپ ئۇ كۇچىنىڭ بارىنى.
سازەندىنىڭ يۈز - كۆزلىرى تىلىندى،
ياتالمىدى يىگەن مۇشتىنىڭ زەربىدىن.
دىدى پىرى: سەۋەپ بولدى كىبىرلىك،
ئېگىلگىنىڭ ياخشى ئىدى ھەممىدىن.
قىزىقمايدۇ بىراۋلارنىڭ ئىشىغا،
ياخشىلىقنىڭ قۇياشىدىن نۇر ئالغان.
جىسمىڭ ئارا ھۇشيار بولسۇن كۆز - قۇلاق،
ئېغىز سۆزگە، دىل ئەقىلغا يارالغان.
ئۇنى ئىگىز، بۇنى پاكار دىمىگىن،
كېيىن خەقتىن يەنە تاياق يىمىگىن.

## ھكايەت

دىگەن ماڭا ياشانغان بىر موتىۋەر،
(قېرى سوزى قايىل قىلار ھەممىنى):
ھىندىستاندا كوردۇم تۇنىنىڭ رەڭگىنى،
ئېدىرلىقتا ياتقان قارا زەڭگىنى.
قۇچىقىدا قىز ياتاتتى ئاي كەبى،
لەۋلىرىنى - لەۋلىرىگە باساتتى.
ئۇنى تامام ئالغان ئىدى باغرىغا،
گويا كى تۇن كۇنىنى قاپلاپ ياتاتتى.
چىدالمىدىم بۇ ھالەتنى كورگەندە،
غەزەپ ئوتى ئورتىۋەتتى دىلىمنى.
دىدىم: ساڭا ئولۇم راۋا خۇداسىز،

دەرسلىرىمدىن ئالار ئىدىم مىنانى.
مۇدەررىسكە بېرىپ ئېيتتىم بىر كۈنى:
كورەلمەسلىك قىلدى ماڭا پالانى.
قاچانكى سوزۇم بولسا مەنىدار، —
ئىمىشقىدۇر ئۇكۆپ كېتەر چىرايى.
سوزلىرىمنى ئاڭلاپ كوروپ مۇدەررىس،
ئاچچىقلاندى: بۇ ئىشنى كور ئىلاھى!
دېدى: ئۆزەڭ يامان دەيسەن ھەسەتنى،
ۋاھالەنكى ياخشى دەمسەن غەيۋەتنى؟

× ×

ئەگەر كىشى يامان دىسە ئۆزگىنى،
سېنى ياخشى دەپ ئېيتمايدۇ ھېچقاچان.
كورگەن جايدا يامانلايدۇ ئارقاڭدىن،
باشقىلارنى دىگەن كەبى ئۇ يامان.

× ×

غەيۋەت راۋا ئىمىش ئۈچ خىل ئادەمگە،
تورتىنچىسى بولۇپ قالسا ئۇ خاتا.
دائىم خالى بولالمايدۇ غەيۋەتتىن،
ئەلگە زۇلۇم ئەيلىگۈچى پادىشا.
ھالال بولار غەيۋەت قىلساڭ زۇلۇمدىن،
بىلىپ خەلق قىلسۇن ئۇندىن ئېھتىيات.
ئىككىنچى خىل مۇناسىبى — ھاياسىز،

سەن تونۇمسەن قىزنى؟ دىدى، ئۇردى دوق.
ئەلەم بولۇپ توۋە قىلدىم شۇ كۈنى،
شۇندىن بىرى ئۇنداق ئىشنى قىلغان يوق.
ئاقىل ئىشى ئۆزى بىلەن بولماقلىق،
بۇ خىل ئىشقا دۈچ كەلمىسۇن ھىچ كىشى.
شۇ ۋەقەدىن كېيىن كوزۇم ئېچىلدى،
ئارتۇق ئىشتۇر ئۆزگىلەرنىڭ تەشۋىشى.
ئەگەر بولسا سەندە ئەقىل ھەم بىلىم،
سەئىدى كەبى ئاز سوزلىگىن، بولغىن جىم.

### ھىكايەت

چاخچاقمىكىن! دىدى بىراۋ بىر قېتىم،
ئوغرىلىقتۇر غەيۋەتتىن كوپ ياخشىراق.
دىدىم ئاڭا: خام ئىكەنسەن بى ئەقىل،
بۇ سوزۈڭگە قايىل ئەمەس دىل بىراق.
ئوغرىلىقتا كوردۈڭ نىمە پەزىلەت؟
ئەۋزەل دەيسەن نېخى ئۇنى غەيۋەتتىن.
دىدى: ئوغرى جاسارەتلىك بولىدۇ،
كۈچى بىلەن قۇتۇلىدۇ كۈلپەتتىن.
قېنى، نىمە تاپالايسەن قىل غەيۋەت،
پەقەت ئوزەڭ بوپ قالىسەن خىجالەت.

× ×

نىزامىيە ① مەدرىسىدە ئوقاتتىم،

---

① نىزامىيە ـــ باغداتتىكى بىر مەدرىسىنىڭ نامى

دۈشمەنىڭگە دوست قىلدۇ ئۆزىنى.
دۈشمەن مېنى قورقىتالماس يۈزمۇ - يۈز.
ئۆدۈل تۇرۇپ تىللىيالماس ھېچقاچان.
سەن ئىشەنسەن ئېيتالمىغان سۆزىنى،
دەيمەن شۇڭا دۈشمىنىمدىن سەن يامان.
كونا ئۆچنى يېڭى قىلىپ چېقىمچى،
ياندۇرىدۇ ئۆچۈپ قالغان پىغاننى.
مۇمكىن قەدەر يېقىنلاشما ئۇنىڭغا،
ئۇ قوزغايدۇ تىنچ ياتقان يىلاننى.
چېقىمچىنىڭ يۈرەك ئاغزى تىنجىيدۇ،
ياتسا ئەگەر زىندان ئارا كىشەندە.
چېقىمچىنى ئوت ياققۇچى دەپ بىلگىن،
ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوت كۆيگەندە.

× ×

ھەممىدىن ھەم يامان بولار چېقىمچى،
كۆرمىدىم ھېچ ئۇنداق رەزىل يىلاننى.
نادانلىقى، بۇزۇق پىكرى بىلەن ئۇ،
بۇزۇۋېتەر ئىككى يېقىن يارىنى.
دوست بولۇشۇپ ئۆتسە ئەگەر ئىككىسىلەن،
ئۇ ئارىدا دۈشمەنلىكنى خالايدۇ.
ئىككى دوستنىڭ ئارىسىدا ئوت ياقار،
ئۇ ئۆزىمۇ ئوتتا كۆيمەي قالمايدۇ.
ئۆز تىلىنى تارتار ئىككى ئالەمدىن،
كىم سەئىدىدەك ئۆتسە تىنچ خىلۋەتتە.

پەردىسىنى يىرتىپ تۇرار ئۇ پات - پات.
توسما ئۇنى چۈشەي دىسە كولچەككە،
ئاخىر بىرىپ ئۇ قۇدۇققا يىقىلغاي.
ئۇچىنچىسى — تارازىدا ئالىدامچى،
بىلسەڭ ئۇنى چاۋىسىنى چىتقا ياي!

## ھىكايەت

ئاگلىدىمكى، چولدىن چىقىپ بىر ئوغرى،
ھەۋەس قىپتۇ سىيىستاننى ① كورمەكنى.
كىلىپ ئۇندا سىتىۋاپتۇ باقفالدىن،
ئۇ ئوزىگە لازىم يىمەك - ئىچمەكنى.
كورۇپتۇكى، باققال ئىكەن ئالدامچى،
تارازىدىن يوتكىلىپتۇ تاش ئىزى.
ئۇ دەپتۇكى، ئوغرى تۇندە بولايدۇ،
سىيىستانلىق بولايدىكەن كۈندۈزى.
مەن قورقمەن تۇندە يامان پىشلىمدىن،
بۇ كۈندۈزى قورقمايدىكەن ھىچكىمدىن.

× ×

بىلسەڭ ساڭا دۇشمىنىڭدىن يامانراق،
كىم يەتكۈزۈپ كەلسە ئۇنىڭ سوزىنى.
دۇشمىنىڭنىڭ پىتنىسىنى ئەكەلگەن،

---

① سىيىستان — ۋىلايەت نامى.

ياكى ئاڭا بېشىڭنى ئەگ مۇلايىم.
كەش تار بولسا كىيمىگىنىڭ ياخشىراق،
جەدەل تولا بولسا تۇرما ئۆيۈڭدە.
خوتۇن يامان بولسا چىقساڭ سەپەرگە،
ھېيت كەيپى پەيدا بولار سېنىڭدە.
تاقىلدۇ شات - خوراملىق ئىشىگى،
يامان خوتۇن قىلسا جەدەل ۋە چوقان.
خوتۇن ئەمەس. بالا بولار بېشىڭغا،
بولسا ئەگەر يامان نىيەت ۋە نادان.
يامان خوتۇن ئازاپ بولار ئەر ئۈچۈن،
تۈز نىيەتلىك، ياخشى خوتۇن بولار يار.
بۇ توغرىلىق گەپنى ئاز قىل، ئەي سەئدى،
ئەگەر ئېرى بولسا ئاشىق بىقارار.
ئۆزۈڭمۇ بىر تارتىپ قويۇپ باغرىڭغا،
قانچە جاپا كەلمىدىمۇ ئالدىڭغا؟

## ھىكايەت

ئايالىدىن بىراۋ قىلدى شىكايەت،
ئاڭا كۈلۈپ قۇلاق سالدى بىر ئالىم.
ئەر دېدىكى، دۈشمىنىممۇ كوپ ئىدى،
ئۆيدە تۈگمەن تېشى بولدى ئايالىم.
— چىدام كېرەك ساڭا، — دېدى ئۇ ئالىم،
چىدام بىلەن تايىن تاپار قارارىڭ.
ئۆزەڭ تۈندە تۈگمەن تېشى، كۈندۈزى،
نۆۋەت ئالسا نېمە بوپتۇ ئايالىڭ؟

كوڭۈل قويۇپ تۇلاق سالغىن ئۇنىڭغا،
نەپ بېرىدۇ قىلغان سوزى ئەلۋەتتە.
ئاڭلىمساڭ يەيسەن ئاخىر پۇشايمان،
كوز ياشلىرىڭ توكۇلىدۇ كوپ زامان.

× ×

ئايالىڭنىڭ ئەقلى بولسا جايىدا،
گاداي بولساڭ شاھ قىلىشى ئېھتىمال.
يارىڭ بولسا ئوز كوڭلىڭگە مۇۋاپىق،
زەپەر تاپتىم دەپ ئويلىغىن، بول خوشال.
غەمگۇزارىڭ بولسا يارىڭ تۇنلىرى،
ھىچگەپ ئەمەس كۇنى بىلەن يىگەن غەم.
شۇ ئەمەسمۇ مۇرادىڭغا يەتكىنىڭ،
يارىڭ ساڭا ئىناق بولسا، گوزەل ھەم.
بولسا ئۇنىڭ سوزى شېرىن، دىلى پاك،
دىمە ئۇنى ياكى خۇنۇك، يە گوزەل.
سەت بولسىمۇ كوڭلى تۇزۇك خوتۇنلار،
خۇلقى ئەسكى چىرايلىقتىن كوپ ئەۋزەل.
ياخشى ئايال ھالۋا دەيدۇ سىركىنى،
ھالۋا يەپمۇ ئاچچىقلىماس ئېرىگە.
دىل ئارامى، ياخشى بولسا ئايالىڭ،
چۇشۇپ قالما يامان خوتۇن ئىلكىگە.
بىر قەپەزدە بولسا توتى ۋە قاغا،
توتى ئويلار قۇتۇلماقنى ھەر دائىم.
تاشلاپ كەتكىن يامان بولسا ئايالىڭ،

نشان، قالماس بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا.
ئاتا - ئانا ئەركىلىتىپ چوڭ قىلسا،
كېيىن ئوغۇل قالار يامان جاپاغا.
ئۇنى سۆيۈپ ئەركىلەتمە ھە دىسە،
ئۆگەت دائىم توغرىلىققا، ۋاپاغا.
كىچىك چاغدا تەلىم بەرگىن مەجبۇرى،
ياخشى گەپ قىل، لازىم بولسا قورقاتقىن.
ھەۋەس قىلسا ئەگەر بىرەر ھۈنەرگە،
بارىكاللا دە روھىغا روھ قاتقىن.
بولغاندىمۇ سەندە ئالتۇن قارۇنچە،
ئۆز ئوغلۇڭنى قالدۇرمىغىن ھۈنەرسىز.
ئىشەنچ قىلما دۆلىتىم بار مېنىڭ دەپ،
ئۆلۈپ پۈتسەڭ تۈگەر بايلىق بەكمۇ تېز.
بوشاپ قالار ئالتۇن - كۈمۈش ھەميانى،
بوشمايدۇ ھۈنەرۋەننىڭ بەلۋېغى.
كىم بىلىدۇ، پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ،
غېرىبلىقتا قالامسەنكىن سەن تېخى.
ھۈنەر بولسا بولماس كىشى كەمبەغەل،
ھاجەت بىلەن تىلەنمەيدۇ ئەل ئارا.
كان تاپمىدى جاھان كېزىپ بۇ سەئدى،
مۇرات تاپتى كېزىپ يۈرۈپ تاغ - دالا.
ياشلىقىدىن ئۇلۇغلارغا باش ئەگدى،
قىلدى ھەقمۇ ئۇلۇغلۇققا ئىجابەت.
ئىتائەتلىك خىزمەت قىلساڭ سەن ئەلگە،
كۆپ ئۆتمەستىن ئەلمۇ قىلار ئىتائەت.
ئۇستازىنىڭ ئازاۋىنى چەكمىگەن،

قالاتتىكمۇ تارتماي تىكەن دەردىنى،
باغ ئىچىدە گۈلنى ئۆزۈپ بولساڭ شات.
مۋە يەيمەن دەپ دەرەخكە ياماشساڭ،
قوللىرىڭنى تىلىۋەتسە، دىمە دات.
غۇنچە بولغىن، يۇرمە گۈلدەك ئېچىلىپ،
خوتۇن مېھرى كەلتۈرىدۇ ئاۋاتلىق.
كوچا - كويغا كوز تاشلىساڭ مۇبادا،
ئۆز ئۆيۈڭدە يۈز بېرىدۇ بەرباتلىق.
بىكار كېتەر، گۈلگە كوڭۈل باغلىما،
باشقا بولبۇل ئالار ئۇندىن خۇش پۇراق.
بولسا گۈزەل ھەر بەزمىنىڭ چىرىغى،
پەرۋانىسى بولما ئۇنىڭ، قاچ يىراق.
كوڭۈل بەرمە، ئالدانمىغىن پەرى، دەپ،
ئوزى پەرى، بەلكى دىلى دىۋىدەك.
نەزەر سالماس ئايغىنى سويسەكمۇ،
بولساڭ تۇپراق بولار يەنە تاش يۇرەك.
ئەقلىڭ - ھوشۇڭ، ئالتۇنلۇرۇڭ يوق بولار،
كوڭۈل قويساڭ ھوسنىدىكى نۇرلارغا.
رەزىللىكتە خاراپ بولاي دىمىسەڭ،
يامان كوزدە نەزەر سالما ئۇلارغا.

× ×

ياخشىنامىم قالسۇن دىسەڭ ئولگەندە،
ھۈنەر ئۆگەت، بىلىم بولسۇن ئوغلۇڭدا.
ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلى - دىتى بولمىسا،

سىقىلغاچقا خالايىقنىڭ ئىچىدە،
كۆن ۋە تۈنلەر يۈرەر تاغۇ-سەھرادا.
پىتىپ قاپتۇ ئىشىق دېگەن پاتقاقىغا،
ئىكەن گۈزەل دىلرەباغا ئۇ شەيدا.
تەنە-تاپا قىپتۇ ئۇنىڭا كىشىلەر،
ئۇ دەيدىكەن، گۇنا ئەمەس بۇ ئىشىم.
مېنى ئەيىپ ئەتمىسۇن ئېل يىغلىسام،
ھېچ سەۋەپسىز ئەمەس مېنىڭ نالىشىم.
دىل مەپتۇنۇم ئەمەس ھەرگىز ئۇ سۈرەت،
مەپتۇن قىلدى سۈرەت سىزغان گۈل سۈپەت.
بۇ سوزلەرگە قۇلاق سالدى ئالىم چال،
كامالىنى ئىشقا سېلىپ قەلبىنىڭ.
دېدى: بۇ گەپ ياخشى شوھرەت بولسىمۇ،
پىكرى توغرا بولۇۋەرمەس ھەممىنىڭ.
گۈزەل ئۇستا گۈزەل رەسىم سىزىپتۇ،
يىگىت ئۇنى كورۇپ بوپتۇ مەھلىيا.
سەنئەت دېگەن پەقەت سەنئەت، نىمىشقا —
رەسىمگە جان بەرمەپتۇ دىلرەبا؟
كىتاپتىكى ھەممە خېتىم نىقاپتۇر،
ئۇ خەتلەردىن ئەندىز ئالار كوپ گۈزەل.
بولۇتتا ئاي، نىقاپتا يار بولغاندەك،
خەت ئاستىدا مەنالار بار توغرا، دەل.
بۇ سەئىدىگە سىغماس ھەرگىز مالاللىق،
پەردە ئاچساڭ جامال چىراي ئاچىدۇ.
قىلغان سوزۇم مېنىڭ مەجلىس ئارا ئوت،
كويدۇرىدۇ ھەممە شولا چاچىدۇ.

كىرىپ قالار خاراپ بولۇش يولىغا.
سەن ئوغلۇڭغا ياردەم بەرگىن، كىيىن ئۇ،
تەلمۈرمىسۇن كىشىلەرنىڭ قولىغا.
ياشلىقىدا غەم يېمىگەن ئادەملەر،
كىشىلەرگە خار قىلىدۇ ئوغلىنى.
شاگىرتلىقتا بەرمە يامان ئۇستىغا،
ئۆگىتىدۇ قوشۇپ يامان خۇلقىنى.
ساياقلارغا ئۆلپەت بولسا پەرزەندىڭ،
ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن ئۇنىدىن، بول يىراق.
نادان، ئەبلەخ، ساياق بولغان ئوغۇللار،
ئاتىسىدىن بۇرۇن ئۆلسە ياخشىراق.

## ھىكايەت

بىراۋ كوردى بىر رەسىمنى بەك گۈزەل،
ئاڭا دەرھال ئىشىق ئوتى تۇتاشتى.
ھالسىزلاندى، گۈلگە چۈشكەن شەبنەمدەك،
ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەر باستى.
بۇقرات ① ھەكىم كېلىپ قالدى ئات بىلەن،
— بۇ كىم؟ — دىدى، — نىمە ئۇنىڭ تەشۋىشى؟
بىراۋ دىدى: ئىسىل ئىدى بۇ ئادەم،
ھىچ خاتاغا يول قويمىغان پاك كىشى.

---

① بۇقرات — قەدىمقى يونان ئالىملىرىدىن بىرى. بىزنىڭ ئېرامىزدىن 460 يىل بۇرۇن تۇغۇلۇپ، 80 ياكى 100 يىل ئۆمۈر كۆرگەن ئىكەن.

خوشاللىقنىڭ ئارقىسىدىن كېلۇر غەم.
نامراتلارغا كەلسە ئامەت ۋە بەخت،
ھەسەت قىلىپ ئۇچ كورىدۇ ئۇلارنى.
دېيىشىدۇ: كوزى يوقتۇر خۇدانىڭ،
بۇ پەسلەرگە بەردى مالۇ دۇنيانى.
ئىشىڭ ئەگەر ئوڭغا تارتىپ يۇرۇشسە،
دەيدۇ سېنى: دۇنياپەرەست ئۇ غايەت.
ئىشلىرىڭغا تىرىشمىساڭ ھىممەتتە،
دەيدۇ: ئۇزى ھارام تاماق كاساپەت.
ئەزمە دەيدۇ ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلساڭ،
گەپ قىلمىساڭ ئەيىپلەيدۇ سۇرەت دەپ.
ماختىمايدۇ بولساڭ ئەگەر چىدامىلىق،
غەيۋەت قىلار: قىلمىدى ئۇ ھىممەت، دەپ.
بولساڭ ئەگەر ئوچۇق كوڭۇل، مەردانە،
ئوزلىرىنى تارتار سەندىن ئاخماق دەپ.
ئازراق يېسەڭ تاپا - تەنە قىلىدۇ،
نانىنى ئاياپ يۇرىدۇ ئاچ قوساق دەپ.
ياخشى بولسا يېگىنىڭنىڭ ھەممىسى،
دەيدۇ چوقۇم سېنى قوساق بەندىسى.
نومۇس قىلىپ ياسىنىشتىن ئارتۇقچە،
ئاددى كىيىم كىيىپ يۇرسە باي كىشى.
تىللىرىنى تىقىپ ئاڭا خەنجەردەك،
پىخسىقلىقتۇر دەيدۇ ئۇنىڭ قىلمىشى.
ئەگەر بىراۋ نەقىشلىسە ئويىنى،
تونى شايى، كوينەكلىرى بولسا ئاق.
غەيۋەتچىلەر تەنە قىلىپ ھەر كۇنى،

بۇ ئوت بىلەن كويسە ياۋلار نىمە غەم؟
ئۇلار پارس ئوتى بىلەن كېسەل ھەم.

× ×

قۇتۇلمايسەن ئەيسپ ئىزلىگۈچىدىن،
ئەلدىن كېچىپ غارغا بېرىپ ياتساڭمۇ.
قۇتۇلمايسەن گەپ - سوزىدىن ئۇلارنىڭ،
ئەلگە قاراپ مەھكەم ئىشىك ياپساڭمۇ.
دەريالارنى توساش مۇمكىن كۈچ بىلەن،
توسالمايسەن چېقىمچىنىڭ تىلىنى.
ياكى تۇلكە، ياكى شىرلىق بىلەنمۇ،
توسالمايسەن پىتنە - پاسات يولىنى.
ئۇزگە بىلەن ھەرگىز ئىشىڭ بولمىسا،
ياشىساڭمۇ ئەلدىن يىراق خىلۋەتتە،
گەپ تارقىتار دىۋە مىجەز ئادەم دەپ،
ئەلدىن قورقۇپ قاچتى دەيدۇ ئەلۋەتتە.
بولساڭ ئەگەر خۇش پاراڭچى ۋە پاك دىل،
دىمەس سېنى ئىسسىلىقتىن نىشانە.
قىين كۈندە قالسا بىرەر كەمبەغەل،
دەيدۇ ئۇنى: ئوزى تەتۇر پىشانە.
ئوز ھالىدىن غېرىپ قىلسا كوز يېشى،
دەيدۇ: نامرات، ئوز بەختىنى كەتكۈزدى.
كېلىپ قالسا بايلار ياكى پادىشا،
دەيدۇ دىرھال: خۇدا بىزگە يەتكۈزدى.
پىتنە - پاسات بولۇپ تۇرار دىمىۇ - دەم،

پىتنە - پاسات خالى بولماس ھەممىدىن،
ئامان ئىلاج تاپار پەقەت سەۋرىدىن.

## ھىكايەت

بىر ھۈنەرۋەن، دانا يىگىت بار ئىدى،
چېچەنلىكى شوھرەت تاپقان ئەل ئارا.
خۇداپەرەست، پاكىزە دىل، خۇش مىجەز،
ھۆسنى گۈزەل، بۇرۇتلىرى قاپ - قارا.
ئىدى يىگىت ئىلمى تولۇق، ئەمما ئۇ،
"شىن" ھەرپىنى ئېيتالمايتتى جايىدا.
بىر ئاقىلغا ئۇ تۇغرىلىق گەپ قىلدىم:
ئالدى چىشى يوقمۇ نىمە ئاغزىدا؟
بۇ سوزۇمدىن ئاچچىقلاندى ئۇ ئاقىل،
دىدى، ماڭا تۇرۇپ دەرھال تەرىنى:
پەزىلىتى تۇرسا ئۇنىڭ بىر تالاي،
كورۇپسەندە پەقەت بىرلا ئەيۋىنى!

× ×

ئەقلى توشقان، پىكرى پىشقان ئالىممۇ،
ئۆز يولىدا خاتا قىلار ناگىھان.
جازا بىرمە كىچىككىنە گۇناغا،
ئۇلۇغلارمۇ خۇزماسەفا ① دەپ ئېيتقان.

---

① خوزماسەفا — ھەرقانداق نەرسە ساپ، داغسىز بولسا قوبۇل قىل، چاڭ ۋە دات باسقان نەرسە بولسا، ئۇنىڭغا قارىما.

دەيدۇ ئۇنى: خوتۇن خەقتەك ياسانچاق.
ئەگەر بىراۋ خالىمىسا سەپەرنى،
ئۇنى دەرھال چىقىرىدۇ نامەرتكە.
دىيىشىدۇ: خوتۇنىدىن قورقىدۇ،
قورقۇنچاقلىق ئايلىنىپتۇ ئادەتكە.
گويى بولۇپ قالسا جاھانكەشتىنىڭ،
دەيدۇ ئۇنى: ئوزى بەدبەخت ۋە نادان.
ئەگەر ئۇنىڭ پىشانىسى ئوڭ بولسا،
ھەر قەيەردە يۇرمەس ئىدى سەرگەردان.
رەسۋاسىنى چىقىرىشار بويتاقنىڭ،
گۇنايىغا تىترەيدۇ زىمىن، دەپ.
گەر ئويلەنسە دەيدۇ خوتۇن سارىڭى،
ئەيىپلەيدۇ تاپالمىدى ئىمىن دەپ.
سەتلەرنىڭ غاجاپ يۇرەر ھەر دائىم،
گۇزەلنىمۇ ساق قويمايدۇ ھەچقاچان.
بىرەر ئىشقا كىلىپ قالسا ئاچچىغىڭ،
دەيدۇ سىنى سەپرا مىجەز، پەرىشان.
بىراۋ بىلەن قىلساڭ ئەگەر مۇرەسسە،
سىنى ئەركەك قاتارىغا ئالمايدۇ.
سىخىلارغا قىلار تىخى نەسىھەت:
قاراپ خەجلە، پۇلۇڭ ئاخىر قالمايدۇ.
قانائەتلىك بولۇپ يۇرسەڭ دىيىشەر:
ئاتىسىمۇ بىخىل ئىدى، دوراپتۇ.
ئاتا ئولۇپ قالغان ئىدى دۇنياسى،
ئاتا كەبى ئولمەكلىكنى خالاپتۇ.

# سەككىزىنچى باپ

## شۈكرى ۋە ئامانلىق توغرىسىدا!

بىر پارچە گوش ئىدىڭ ئانا باغرىدا،
رىسقىڭ بىلەن تورەلگەندە سەن تېخى.
كوزۈڭ ئېچىپ، كېسىلگەندە كىندىگىڭ،
ئوزۇق بولدى ساڭا ئانا كوكرىگى.
جەننەت بولدى ساڭا ئانا قۇچىغى،
ئۈنىڭ ئىللىق كوكرىگىگە يېپىشتىڭ.
ئانا سۈتى ئاقتى ساڭا بۇلاقتىك،
ئېقىپ تۇرغان ئېرىقلاردىن سۇت ئىچتىڭ.
مىسلى دەرەخ ئانا جىسمى جان كويەر،
بالا — مېۋە، تاتلىق ئاڭا ھەممىدىن.
سەن تومۇر يوق دەپ ئېيتمىغىن كوڭۈلدە،
ئانا سۈتى ئېقىپ كېلەر قەلبىدىن.

## ھىكايەت

ئانىسىنى زار قاخشاتتى بىر يىگىت،
قۇلاق سالغىن سەن ئانىنىڭ دادىغا:
ئولتۇر! دىدى ئۇ بىۋاپا ئوغلىنى،
ۋە بوشۇكنى ئەكەلدۇردى ئالدىغا.
دىدى: ئوغلۇم، كىچىك ئىدىڭ چوڭ قىلدىم

تىكەن دائىم بىللە ئۇسەر گۈل بىلەن،
گۈلنى ئالغىن، قالدۇرۇپ قوي تىكەننى.
كورەلمەيسەن ئەيىپ ئىزلەپ قارىساڭ،
توز قانتتى قانداق گۈزەل ئىكەننى.
پاك دىل بولغىن، ئەينەكنى باسسا چاڭ،
ئۈندىن ئېنىق كورەلمەيسەن ئەينەكنى.
باشقىلارنىڭ ئەيۋىنى سەن پەش قىلما،
ئۇمۇ ئوخشاش پەش قىلىدۇ ئەيۋىڭنى.
گۈناھكارنى قامچىلىما مۇنچىلا،
ئويلاپ باققىن، ئوز گۈنايىڭ ئاز ئەمەس.
ئىناقلىقنى ئاۋال ئوزۇڭ باشلىماي،
خوشنىلاردىن تەلەپ قىلماق بولار تەس.
مەن ياخشىمۇ، يە يامانمۇ ئوز ئىشىم،
خاتىرجەم بول چۈشمەس ساڭا تەشۋىشىم.
بولسا ئەگەر بۇزۇق نىيەت، كىر يۈرەك،
شېرىمغا كوز سالىدۇ دۈشمەندەك.
نەزەر سالماي شېرىمدىكى مەنگە،
ھۇجۇم قىلار تاپسا بىر ئاز ئەيۋىنى.
قىلغان ھەسەت كوزلىرىنى قارىغۇ،
كورەلمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ ئەينىنى.
ھەممە نەرسە گۈزەل بولماس ھەم بىردەك،
مېغىز بىلەن شاكال بولار پىستىدەك.

لېكىن ئۇنى ئۇنتۇپ قالدى شاھزادە،
ياد بولمىدى بۇ ھەكىمنىڭ خىزمىتى.
ئۇ سارايغا كەلدى يەنە بىر نۆۋەت،
لېكىن ئۇندا قىلىنمىدى ئىززىتى.
ئىزا تارتتى ھېچكىم نەزەر سالمىغاچ،
دېدى ھەكىم ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ:
سەن يۈزۈڭنى ئۆرۈمەستىڭ شاھزادە،
مەن بېشىڭنى قويمىغاندا توغرىلاپ.
قايتىپ كېلىپ بىر خىل دورا تەييارلاپ،
ئۇ سارايغا ماڭغۇزدى بىر قۇلىنى.
دېدى ئاغا: شاھزادىگە بېرىپ ئېيت،
ئوتقا سېلىپ پۇراپ كورسۇن ھىدىنى.
ھىدلىق تۈتۈن شاھزادىنى چۈشكۈرتتى،
قالدى يەنە بېشى، تېنى بىر بولۇپ.
ئۇ ھەكىمگە ئۆزۈر ئېيتماق بولغاندى،
ھېچقەيەردىن تاپالمىدى ئاختۇرۇپ.
يامان كۈننى ئۆز بېشىدىن كەچمىگەن،
بىلەلمەيدۇ ياخشى كۈنلەر قەدرىنى.
سىزەلمەيدۇ ئۆزىگە توق باي ئادەم،
قىشنىڭ كۈنى قاتتىق سوغاق قەھرىنى.
ئەگەر يولدا ماڭساڭ چاققان، يۈرەكلىك،
ماڭالمىغان بەندىلەرگە ياردەم قىل.
بولساڭ ئەگەر دولىتىڭ كوپ، پاراۋان،
غېرىپلارغا بەرگىن مەدەت، ئادەم قىل.
سۇ قەدرىنى كېمەچىدىن سورىما،
سورا ئۇنى چولدە قالغان تەشنادىن.

تۈنلەر بويى جاپا چەكتىم مەن راسا.
يەتمەس ئىدى قوغلاشقىمۇ قۇربىتىڭ.
گەر يۈزۈڭگە قونۇپ ئالسا بىر پاشا.
مەن ئەمگۈزگەن سېنى مۇشۇ بوشۇكتە.
پەقەت گوردە تەكرار بولار ئۇ ھالىڭ.
قارا يەرگە كىرىپ ياتساڭ كېپەندە.
قۇرۇتقىمۇ يەتمەي قالار ماجالىڭ.
سەن گېپىمگە قۇلاق سالغىن، شۈكرى قىل،
مۇنداق مەغرۇر چاغلىمىغىن ئۆزۈڭنى.
سەن ئۆزەڭچە باتۇر بولۇپ قالمىدىڭ.
بەرگەن سۈتۈم كۆر قىلمىسۇن كۆزۈڭنى.
ياۋلىرىڭنى تاشلا يەنچىپ، تۇغمىدىم —
دوستلار بىلەن جەڭ قىلىشقا مەن سېنى.
ئانا سۈتى ھالال بولغان يىگىتلەر،
شۈكرى ئېيتىپ يەيدۇ ھالال رىسقىنى.

## ھىكايەت

ئېتى چوچۇپ ئۈچۈپ چۈشتى شاھزادە،
بېشى، تېنى بىر بوپ قالدى تىن ئالماي.
بولدى جىسمى پىلىغا ئوخشاش بىر پۈتۈن،
بېشى ئۈنىڭ ئۇيان - بۇيان تولغانماي.
بۇ كېسەلنى پەي ۋە تومۇر ئۈزۈۋلاپ،
بىر يۇنانلىق دانا ھەكىم ساقايتتى.
ئۇ بولمىغان بولسا ئىدى، شاھزادە،
بۇ دۇنيادا ھەرگىزمۇ ساق قالمايتتى.

تۇنىنىڭ سوغاق ھالىدىن.
ئازاپ چېكىپ قوشۇلدى بۇ ئازاپقا،
كۆتۈش دەردى ئۇخلار ئۇدى غەپلەتتە.
شاھ بەختەۋەر يەنە شىددەتلىك،
ئەۋج ئالدى سوغاق غەزەپتە:
بۇ قاراۋۇل پىچىرلىدى ئىشرەتتە،
سېنىڭ تۇنۇڭ ئۇتەر ئۇدىشى - سەپراسى.
بىزنى بولسا قىينار سوغاق مەنزىلگە،
يېتىپ ئالسا بولدى كارۋان ھەمراسى.
غەم يىمەيدۇ چۆلدە قالسا قېيىقچى،
قېيىنغىنى قاراپ ھەيدە خەتەردە.
يولۇچىنى قويما سۇدا ئالدىرىماي مېڭىڭلار،
نېز — يېگىتلەر، بىللە سەپەردە.
قېرىلارمۇ كېلەر ئەگەر ئاستىڭىدا،
ئۇچار تۇلپار بولسا پىيادىلار بارىنى.
ئۇنۇتمىغىن ياتسا شاھلار بەھۇزۇر،
ئالتۇن تەختتە ئاچلار ھالىنى.
چۈشەنمەيدۇ قارنى

## ھىكايەت

كەلدى بىراۋنى،
مىرشاپ تۇتۇپ باغلاپ ياتاتتى.
بۇ زىنداندا ئۇخلىماستىن تۇن ئارا،
بۇ ئاڭلىدى، كىمدۇر بىرى پەريات ئېيتاتتى.
يۇقسۇللۇقتىن دادى - ئاڭلىغاچ،
دىدى ئوغرى بۇ نالىنى ئويقۇڭنى!
ۋاي ئاخمانەي، ئۇخلىماسەن خۇداغا،
شۈكرى قىلساڭ بولماسمىدى

بىلمەس كىشى سالامەتلىك قەدرىنى،
كېسەل بولماي ئۆتۈپ كەسە دۇنيادىن.
قانچە ئۇزۇن بولغان بىلەن قارا تۈن،
ئۇنى قاتتىق ئۇخلىغانلار بىلمەيدۇ.
ئاغرىق تارتىپ ئۆتكۈزگەنلەر ئۇيقۇسىز،
زەپمۇ ئۇزۇن بولۇپ كەتتى تۈن، دەيدۇ.
ئۆي ئىگىسى ئۇيغانغاچقا كۈن بىلەن،
نېمە ئىشلار بولدى بىلمەس تۈن بىلەن.

## ھىكايەت

كورۈپ قالدى توغرەل چىقىپ بىر تۈنى،
ئوردىسىنىڭ قاراۋۇلى — ھىندۇنى
تىترەيتتى ئۇ شىۋىرغانلىق سوغاقتا،
كومۇۋەتكەن ئىدى ياققان قار ئۇنى.
قاراۋۇلغا ئېچىندى شاھ شۇ پەيتتە،
ئۇنىڭ كوڭلى ئېرىپ كەتتى بولەكتىن.
دىدى ئاگا: چىداپ بىر دەم كۈتۈپ تۇر،
مەن جۇۋامنى ئەۋەتىمەن دىدەكتىن.
قارلار ئۇچۇپ ئاچچىق شامال قوزغالدى،
توغرەل شۇئان قىچىپ كىردى ئوردىغا.
ئۇچرىتىۋىدى ياخشى كورگەن كېنىزەك،
يولدىن توختاپ قاراپ قالدى شاھ ئاگا.
مەپتۇن قىلدى بولغاي ئۇنىڭ چىرايى،
قاراۋۇلى كوتىرىلدى يادىدىن.
قاراۋۇلى كۈتەر ئىدى قورادا،

هازىرقىلار ياسالمايدۇ ھىچقاچان.
كىلەر ئىكەن ھەر تەرەپتىن كارۋانلار،
چىنى يوقنىڭ جامالىنى كورمەككە.
كىلەر ئىكەن خىتا، چىگىل شاھلىرى،
قەدىم بۇتنىڭ قوللىرىنى سويمەككە.
نالە قىلار ئىكەن شىرىن سوزلۇكلەر،
ئۇلۇغ بىلىپ بۇ تىلى يوق ئاگىسىزنى.
بۇ ماجرادىن ھەيران بولدۇم، نىمىشقا —
جانلىق ئادەم خۇدا دەيدۇ جانسىزنى؟
بىر ئۇتپەرەست بۇرادىرىم بار ئىدى،
بىر ھوجرىدا ھەمرا ئىدى ئۇ ماگا.
تەئەججۇپتە قالغىنىمنى سوزلىدىم،
بەك مۇلايىم سوزلەر بىلەن مەن ئاگا.
دىدىم ئاگا: كوپ نادانلىق ئەمەسمۇ،
لاي ھەيكەلنى خۇدا دەيدۇ نىمىشقا؟
تۇرالمايدۇ ئوزى ئۇنى يىقىتساڭ،
قادىر ئەمەس تۇتۇشقا ۋە مىگىشقا.
كەھرەباغا ئوخشايدىكەن كوزلىرى،
تاشتىن ۋاپا ئىزلىمەك بۇ كوپ خاتا.
دۇشمەن بولدى بۇ سوز بىلەن ھەمرايىم،
غەزەپ بىلەن ئوتتەك ياندى ئۇ ھەتتا.
پىرلىرىنى يىغىپ كەلدى مۇغ ① لارنىڭ،
يىغىن قىلدى كوپ خەۋپلىك، توپلۇنۇپ.

① مۇغ — ئوتقا چوقۇنغۇچى.

مىرشاپ تۇتۇپ باغلاپمىدى قولۇڭنى؟
ئېچىۋەرمە يوقسۇللۇقتىن ئېغىزنى،
نەزەردە تۇت ئۇزۇڭدىنمۇ ئاجىزنى.

**ھكايەت**

ئۇزىنى خوپ پاك بىلەتتى بىر موللا،
مەسنى كورۇپ يۇمۇپ ئۇتتى كوزىنى.
كىبىر بىلەن ئۇتتى يولدىن گىدىيىپ،
مەستىن يىراق تۇتماق بولۇپ ئۇزىنى.
دىدى شۇدەم سەگەك بولۇپ مەس يىگىت:
ئۇز كۇنۇڭگە شۇكرى قىلغىن ئەي موللا!
سەن بىراۋدىن كۇلگەن بىلەن مەھبۇس، دەپ،
زىندان يولى ئۇزۇڭگىمۇ ئۇدۇللا.
ئەجەپ ئەمەس سەنمۇ بەلكى مەن كەبى،
كوچىلاردا يىتىپ قالساڭ مەس - ئەلەس.
سەن مىچىتنى ماكان قىلىپ يىتىشۇەر،
يامان دىمە ئۇزگە بولسا بۇتپەرەست.

**ھكايەت**

سۇمەنات ① تا كوردۇم گۇزەل بىر بۇتنى،
بولغان ئىكەن ياسالغىنى كوپ زامان.
بەك قەدىمى ئىكەن ئۇنىڭ نۇسخىسى،

① سۇمەنات — ھىندىستاننىڭ كوچرات ۋىلايىتىدىكى بۇتخانا.

دىدى چوڭى: قىلغان سوزۇڭ ھەقىقەت،
ئىناۋەتلىك بىزگە بەرگەن سوئالىڭ.
شەھەر كېزىپ دەللەرنى ئىزلەپسەن،
دەلىل بىلەن ھاسىل بولار مۇرادىڭ.

مەنمۇ سەندەك جاھان كەزگەن كوپ زامان،
بىسىپ ئوتكەن قانچە يۇرتنىڭ يولىنى.
كورگەنلىرىم جانسىز جەسەت، ئەمما بۇ،
ھەر تاڭ بىلەن كوتىرىدۇ قولىنى.

بۇگۈن كېچە تۇنە بىللە مەن بىلەن،
قاراشلىرىڭ بولسا ئەگەر گۇمانى.
ماقۇل بولدۇم، قىلىپ قالدىم تۇن بويى،
بولۇپ ئۇنىڭ قۇدۇق ئىچرە بىجانى①.

قىيامەتتەك ئۇزۇن بولدى ئۇ كېچە،
ئۇزۇلمىدى يۇيۇقسىزلار نامازى.
مەن بىھساپ گۇنا قىلغان ئوخشايمەن،
جاندىن ئوتتى ئۇ كېچىنىڭ ئازاۋى.

دىلىم غەمكىن بولۇپ چىقتى تۇن بويى،
تىلىم ھامان تارتىپ تۇردى دۇئاغا.
خوراز چىللاپ، دومباقلىرى چېلىنىپ،
ناماز ۋاقتى بولۇپ قالدى ئۇلارغا.

تۇن كوكگە قاراپ قىلىچ كوتەردى،
پۇرسەت يىتىپ قارا تونلۇق ئىمامغا.
ئۇپۇقلارغا چۇشۇپ شۇ دەم تاڭ چوغى،
سىزىھى بولۇپ ئوت تۇتاشتى جاھانغا.

---

① بىجان — شاھنامىدىكى ئەپسانىۋى قەھرىمان.

هۇجۇم قىلدى پازەندەخان②، پىرلىرى،
مىسلى سوگەك تالاشقان توپ ئىت بولۇپ.
دەۋا قىلدى ئەگرى يولنى توغرا دەپ،
توغرا يولنى ئەگرى دىدى ئاقىلغا.
دىلى تازا، ياخشى نىيەت ئىنسانىنى،
بىردەمدىلا چىقىرىشتى جاھىلغا.
قالدىم ئۇندا ئىلاجسىز ۋە ناچار،
مۇرەسسەگە چۈشتى شۇدەم ئېھتىياج.
تەسلىم بولماق بولار بەزەن مۇۋاپىق،
ئاداۋەتچىلىك بولسا ئەگەر بەكمۇ كاج.
مەن ئۇلارنىڭ چوگراغىنى ماختىدىم،
دىدىم ئۇنى زەندىخانىنىڭ رەھبىرى.
كىيىن ياخشى تەرىپ قىلدىم بۇتىنى:
گۈزەل ئىكەن، ياقتى ماڭا تەسۋىرى.
نەپىس ئىكەن بۇتخانىدىكى سۈرەتلەر،
بىراق ماڭا ئايان ئەمەس مەزمۇنى.
بىخەۋەرمەن بۇ بۇت ياخشى - يامانمۇ،
ئۆتكۈزۈنچىمەن، ئۇقالمىدىم مەن ئۇنى.
بىلمەمكى بۇ شاخمەتتە فەرزىن سەن،
قىلغان سوزۇڭ شاھىڭغىمۇ نەسىھەت.
تەقلىت قىلغان ئادەم يولدىن ئازىدۇ،
توغرا چىقار بىلىپ يۈرسە يول پەقەت.
مەزمۇنىنى چۈشەندۈرگىن ئۇلارنىڭ،
مەنمۇ بىرەي يۈرەك ئاڭا چۈشەنسەم
بىراھمانلار سوزلىرىمگە ئىشەندى،
يۇمشاپ قالدى، شادۇ - خۇرام بولدى ھەم.

---

② پازەند — ئوتپەرەستلەرنىڭ كىتاپلىرى

بىراخمانلار كەلدى دەرھال يۈگرىشىپ،
قوللىرىمدىن تۇتتى بولۇپ ئىززەتتە.
سېگەك تەختىنىڭ ئۈستىدىكى بۇت تامان —
بىرىپ ئۇزرە ئېيتتىم ئاگا شۇ پەيتتە.
ئۆز ئىچىمدە ھەممىسىگە لەنەت، دەپ،
قوللىرىنى سويدۇم قىلىپ ئېھتىرام.
بىر نەچچە كۈن بىراخمانچە ئىش تۇتۇپ،
بۇتپەرەسلا بولۇپ ئالدىم مەن تامام.
ئىشەنچىلىك كىشى بولدۇم تەدرىجى،
كەيپىم خوشال بولۇپ تۇردى ھەر كۈنى.
پۇرسەت تېپىپ بۇت يېنىغا يۈگۈردۈم.
دەرۋازىغا تاقاق سېلىپ بىر تۈنى.
قاراپ كوردۇم بۇت تەكتىنى سىنچىكلەپ،
بىر پەردىنى كوردۇم شامنىڭ نۇرىدا.
بىراۋ تۇرغان ئىكەن پەردە، كەينىدە،
بۇت ئىچىدىن چىققان بىر يىپ قولىدا.
بۇتنىڭ ئىشى ئايان بولدى تامامەن،
بىلىپ ئالدىم بىراخماننىڭ سىرىنى.
ھەر تاڭ بىلەن مۇغ يىپىنى تارتقاندا،
بۇتى ئىگىز كوتىرىدۇ قولىنى.
ئىزا تارتار ھەركىم سىرى بولسا پاش،
بۇنى كورۇپ ئىزا تارتتى بىراخمان.
قوپۇپ قاچتى، تۇتۇۋالدىم مەن قوغلاپ،
ۋە قۇدۇققا تاشلىۋەتتىم شۇ زامان.
ئۆيلەيدىمكى، چىقىپ ئالسا قۇدۇقتىن،
تۇتۇپ مېنى ھەرگىز تىرىك قويمايدۇ.
جەھلى بىلەن ئىنتىلىدۇ قىساسقا،
ئۆز سىرىنى يوشۇرۇشنى ئويلايدۇ.
جازاسىنى بەرگىن راسا رەھىمسىز،

بۇ ھالەتنى كورۇپ دىگەنىڭ كېلىدۇ،
"زەنگبار ① غا باسقىن قىلدى تاتارلار".
بىراخمانلار كوچا - كويدىن چىقىشىپ،
ئېقىپ كەلدى، بۇتخانىغا بولدى يار.
بۇتخانىدا مىفىلدايتتى ئادەملەر،
يەر قالمىدى ئۇندا تېرىق سىققۇدەك.
ئاشۇ پەيتتە قول كوتەردى چوڭ بوتى،
مۇرتىلارغا تىلەپ بەخت ۋە يولەك.
بۇتپەرەستلەر چۇشتى نالە - پەرياتقا،
دەريا كەبى تاشقىنلىدى ھاياجان.
ئۇلار قايتتى، بوشاپ قالدى بۇتخانا،
ماڭا كۈلۈپ قاراپ قويدى بىراخمان.
دىدى: كوردۇڭ، يوق ھېچقانداق مەخپىلىك،
كورگەنلىرىڭ شۈبھىسىزكى ھەقىقەت.
چۈشەندىمكى، ئۇ جاھىلنىڭ دىلىغا،
ئورنىتۋاپتۇ مەككەم خاتا تەرىقەت.
ئېيتالمىدىم ئاڭا دەرھال راست گەپنى،
يوشۇرمىساڭ بەزەن ھەقمۇ ئاقمايدۇ.
ياۋغا ئەسىر بولۇپ قالسا باتۇرلار،
ئامال قىلىپ ئۇز جېنىنى ساقلايدۇ.
ھىلىگەرلىك بىلەن قىلدىم پۇشايمان،
يىغلاپ كەتتىم تۇتۇپ ئېلىپ بېشىمنى.
تۇگمەن تېشى ئايلىنىدۇ سۇ بىلەن،
تەسىرلەندى كورۇپ ئاققان يېشىمنى.

---

① زەنگبار — قەدىمقى ھەبەشستاننىڭ مەركىزى.

بۇنىڭ شۈكرى ئادا بولماس ھېچقاچان.
شۇنداق قىلىپ بۇتخانىدىن قۇتۇلدۇم،
قىلغان ئىشىم ساۋاق بولار كوپ زامان.

## توققۇزىنچى باپ

### توۋە توغرىسىدا

يېتىپ قالدى يېشىڭ بۇگۈن يەتمىشكە،
كەچمىشىڭنى ئەسلەپ دىلىڭ يىغلايدۇ.
گەر ئەللىكتىن كېيىن قالسا بەش دىرەم،
غەم يۇرەكنى بەش قول بىلەن تىلغايدۇ.
بىكار ئۆتتى ئەللىك يىلىڭ چېكىپ دەرت،
ئەمدى قالغان بەش كۇنىڭمۇ غەنىمەت.
سوزلەر ئىدى تىلى بولسا ئولۇكلەر،
نالە قىلىپ، چۇشۇپ دادۇ - پەرياتقا:
غەپلەت بىلەن ئۆتتى بىزنىڭ ئومرىمىز،
ئەي بۇرادەر، سەل قارىما ھاياتقا!

### ھېكايەت

شات - خوراملىق مەۋسۇمىدۇر يىگىتلىك،
بەزىم قىلدۇق جەۋلان قىلىپ بىز گۇلدەك.
شوخ يىگىتلەر كوكۇل ئېچىپ تۇن بويى،
ناخشا ئېيتىپ چىقتۇق خوشال بۇلبۇلدەك.

بۇزۇق نىيەت چۇشۇپ قالسا قولۇڭغا.
قويۇپ بىرىپ ئۇنى تىرىك قالدۇرساڭ،
ھامان تەھدىت سالار ھايات يولۇڭغا.
خىزمەت قىلغان بولۇپ ساڭا قۇللارچە،
پۇرسەت تېپىپ ئالار بىر كون بېشىڭنى.
چۇشمە ئۇنىڭ سەن يامانىڭ پېيىگە،
چۇشكەن بولساڭ ئادا قىلغىن ئىشىڭنى.
باشلىرىنى يەنچىۋەتتىم تاش بىلەن،
قۇدۇق ئىچرە جان تاپشۇردى بىراخمان.
زورايتىشنى خالىماستىن غەۋغانى،
تۇنى بىلەن قوپۇپ قاچتىم شۇ ھامان.
قومۇشلىقتا ئوت قوي مەيلى كويدۇرۇپ،
يولۋاسلاردىن ئېھتىيات قىل سەن بىراق.
سەندىن كۈرە ئۇستا بولسا دۇشمىنىڭ،
ئوق ئاتمىغىن، ئاتساڭ ئەگەر قاچ يىراق.
سەن يىلانىڭ بالىسىنى ئۆلتۈرمە،
گەر ئۆلتۈرسەڭ دەسسىمە ئۇ ماكانغا.
ھەر بىلەرنىڭ ئۇۋىسىنى قوزغىساڭ،
قاچقىن يىراق، دۇچكېلىسەن زىيانغا.
بۇ سوز سەئدى سوزى ئىچرە ياخشىراق:
تام تۇۋىنى كولار بولساڭ، قاچ يىراق!
شۇندىن كېيىن سەپەر قىلدىم ھەندىگە،
باردىم كېيىن ھىجاز بىلەن يەمەنگە.
بىرنەچچە ئاي بولۇپ يۇردۇم خاپىغان،
ئارام تاپتىم قايتىپ كېلىپ ۋەتەنگە.
جان تېنىمدە تاكى ھايات ئىكەنمەن،

جىلۋە قىلار گۈزەللىگى بىلەن توز،
كۆنى پۈتسە ئۈمۈ بەربات ئەمەسمۇ؟
سىلەر يايىراپ ئۇسۇسىلەر ھاياتتا،
بىزگە بولسا كەلدى ئۇما چاغلىرى.
ئەمدى ھېچكىم تېرەلمەيدۇ گۈللەرنى،
سولۇپ قالدى ئۆمرىمىزنىڭ باغلىرى.
ئەمدى بالام چۈشۈپ قالدۇق ھاسىغا،
ھايات ئۆزرە ئامانەتتۇر بۇ باشمۇ.
قىزىل گۈلدەك يۈزۈم ئەمدى سارغايدى،
سارغىيىدۇ پاتار چاغدا قۇياشمۇ.
پۈتى بىلەن مېڭىپ يۈرسە يىگىتلەر،
ئاران يۈرەر ھاسا بىلەن قېرىلار.
ئەيىپ ئەمەس گۈدەك دېسە يىگىتمەن،
قېرىلارغا بۇ غەلىتە تۇيۇلار.
يىگىتلەردە ئاقارغىچە چاچ - ساقال،
گويا بىلەن گورگە راۋان بولار چال.

### ھېكايەت

بىر ئاغرىق چال كەلدى تېۋىپ ئالدىغا،
يىغلاپ تۇرۇپ دېدى: يوقتۇر ماجالىم.
تومۇرۇمنى تۇتۇپ كورگىن، ئىلاج قىل،
تۇزۇلمىسە بولمايدۇ بۇ ئەھۋالىم.
خۇددى لايغا پېتىپ قالغان ئوخشايمەن،
ھالسىز جىنسىم گويا ئېغىر بىر جەسەت.
دېدى تېۋىپ: سەپەر قىلغىن ئالەمدىن،

نىرىراقتا ئۇلتۇراتتى بىر بوۋاي،
چاچ - ساقىلى قىرىلىقتىن ئاقارغان.
فۇندۇق① كەبى يۇمۇق ئىدى لەۋلىرى،
غەمگە چۆككەن، يۈزلىرىدىن قاچقان قان.
— ئەي ئاتىجان، — دېدى ئاكا بىر يىگىت،
نىمە غەمگە قالدىڭ بۇ ئان، نە ئەھۋال؟
سەن قايغۇدىن خالاس بولۇپ ئاز - تولا،
قوشۇل بىزگە، بەزمە قىلغىن، بول خوشال!
چال يۈزىدە قىرىلىقنىڭ ئازاۋى،
بەك مەنىلىك بولۇپ چىقتى جاۋاۋى:
تاڭ شاملى ياشنىتىدۇ كوچەتنى،
چىمەنلىكتە گۈلگە تولار ھەممە ياق.
سارغايغاندا ئۇگاي سۇنۇپ كېتىدۇ،
مايسا چېغى ياشناپ ئۇسكەن ھەر باشاق.
باھار بولسا كوكىرىدۇ دەرەختلەر،
غازاڭ بولار كۈز كەلگەندە يوپيۇرماق.
ماگا ئوخشاش قېرىپ قالغان ئادەمگە،
ياراشمايدۇ ياشلار بىلەن ئوينىماق.
ئوتۇپ كەتكەن بىزنىڭ مۇنداق چېغىمىز،
سىلەرگە دۇر ئەمدى بەزمە نوۋتى.
شۈكرى دەيمەن كورۇپ تۇرغان كۈنۈمگە،
ھەۋەس ئەمەس ماگا ياشلىق قۇدرىتى.
قارا قاغا ئىدى چېچىم، قار باستى،
ئەمدى بۈلبۈل بولماق ئۇيات ئەمەسمۇ؟

① فۇندۇق — بىر خىل مېۋىنىڭ ئىسمى، دېغىزى يېيىلىدۇ.

× ×

قوۋۋىتىڭ بار، مەيدان ئەگەر بولسا كەڭ،
سەن كۈچۈڭنى نامايەن قىل ھەر كۈنى.
پەلەك ھەر كۈن ئالدى مېنىڭ دەۋرىمنى،
بولدى لەيلەتۇل قەدرىنىڭ بىر تۈنى.
ئۇ نەنىمەت كۈنلەر ئىكەن بىلمەدىم،
بىلگەن ئىدىم، چىقىپ كەتتى قولۇمدىن.
قېرى ئىشەك نالە قىلار يۈك بىلەن،
ئاتىنىق بولساڭ قالما ھەرگىز يولۇڭدىن.
قاداق چۈشسە سۆڭەپ كېتىپ پىيالە،
نەرقى دەرھال چۈشۈپ كېتەر تاۋاقتىن.
سۆڭەپ كەتسە يەرگە چۈشۈپ قولۇڭدىن،
باشقا بىرەر ئىلاجى يوق قاداقتىن.
كىم بۇيرىدى چۆش دەرياغا دەپ سېنى،
سەكرىمىسەڭ بولار ئىدى ئالدىدا.
ئۈزەلمىگەن ھالەتتىمۇ قىل غەيرەت
ئۈمىت ئۈزمە بولغاندىمۇ ئارقىدا.

## ھىكايەت

كارۋان بىلەن ئىدىم فەيد① چۆلىدە،
ئۇيقۇ مېنى بەكمۇ قىيناۋاتاتتى.

① فەيد — مەككە يولىدىكى يىراق چۆل.

سىنى لايدىن قۇتقۇزىدۇ قىيامەت.
قېرىغاندا يېنىپ كەلمەس يىگىتلىك،
ئاققان سۇلار قايتمىغاندەك شاقىراپ.
ياشانغاندا ئەقىل بىلەن ئىش كۆرگىن،
يىگىتلىكنىڭ ئۆتكەن بولسا ئالدىراپ.
ھايات دەۋرىڭ ئۆتكەن بولسا قىرىقتىن،
ئۆرۈنمىغىن، ئۆمرۈڭ چۈشتى گىرداپقا.
پەيتىڭ ئۆتتى، بېرىلمىگىن ھەۋەسكە،
ھەۋەس ئۆتى سالار ئارتۇق ئازاپقا.
قارا چېچىم ئۆزگەرمەكتە ئاقلىققا،
شات - خوراملىق ئازايماقتا قەلبىمدە.
سەبزە گۈلگە ھەۋەس قىلاي نېمىشقا؟
ئۇ ئەتىلا ئېچىلىدۇ قەۋرىمدە.
مەغرۇر بولۇپ، قىلىپ سەيلە - تاماشا،
دەسسەپ ئۆتتۇق قانچىلارنىڭ قەۋرىنى.
بىزدىن كېيىن يېتىشكۈسى نەسلىمۇ،
قەۋرىستاندا دەسسەپ ئۆتەر ھەممىنى.
ياشلىق زامان ئۆتتى، ئاڭا مىڭ ئەپسۇس،
جاننى ئۆرتەر ئۆتكەن ئۆمۈر پىغانى.
ئاھ، ئاجايىپ ھايات ئىدى، تېز ئۆتتى،
ئۆتۈپ كەتتى ياڭغان چاقماق مىسالى.
شاگىرتىغا دىدى ئۇستا ياخشى سۆز،
بىرەر مۇرات ھاسىل قىلماق بولدى تەس.
ئىزىز ئۆمۈر ئۆتۈپ كەتتى شامالدەك،
قالغىنىمۇ ئۆتەر يەنە، كۆپ ئەمەس.
سەن ئېيتقانغا قىلساڭ ئەگەر رىايە،
بۇ سىئىدىننىڭ بىرلا سۆزى كۆپايە.

× ×

سەن ئولتۇرغان باشقىلارنىڭ ئورنىغا،
ئورنىڭغىمۇ ئولتۇردۇ باشقىلار.
كېچەڭ ئۆتتى، ئەتەڭ نىمە بولىدۇ،
پەقەت بۈگۈن ئۆزەڭدىدۇر ئىختىيار.

## ھىكايەت

رەپىقىسى ۋاپات قىلدى جەمشىدنىڭ،
يىپەك كېپەن قىلدى ئۇنى كومگەندە.
مازارىغا كەلدى ئۆتۈپ كۆپ ۋاقىت،
يىغلىماقچى بولۇپ قايغۇ - ماتەمدە.
ئۇ كوردىكى، شاھى كېپەن چىرىپتۇ،
ئاخىرى شۇ ئىكەن، — دىدى ھەسرەتتە.
قۇرۇتلاردىن ئالغان ئىدىم يىپەكنى،
قۇرۇت ئۇنى تارتىۋاپتۇ لەھەتتە.
قانچە ئىگىز بولغان بىلەن كوك تىرەك،
ئەجەل ئۇنى سارغايتىدۇ كۈلپەتتە.
ئوتتۇز يىلدا يەتسە كوچەت ۋايىغا،
قاتتىق شامال يىقىتىدۇ بىر پەيتتە.
مۇنۇ ئىككى بېيت قالدى يادىمدا،
بىر راۋاپچى ئېيتقان ئىدى ئالدىمدا:
مىڭ ئەپسۇسكى، بىزسىز كېلۇر كوپ باھار،
گۈل ئېچىلىپ، ياشنار كۈلۈپ لالىزار.

چۆلۈۈر بىلەن بىرنى سىلەپ توگچى،
مېنى قەھرۇ - غەزەپ بىلەن ئۇيغاتتى.
دىدى: بىزەڭ، ھەدىسىلا ئۇخلايسەن،
ئويلاپ باققىن، جان كىرەكمۇ؟ بۇ قەيەر؟
شىرىن ئۇيقۇ لازىم تازا ماگىمۇ،
بىراق چولگە قەدەم قويدى توگىلەر.
مەنزىل يىراق، يېتەلەيدۇ قاچاندا،
ئۇيقۇ مىجەز بولسا چولدە ماڭغانلار؟
كىم بىلىدۇ يېتىپ بولدى مەنزىلگە،
بىزدىن ئاۋال مېڭىپ كەتكەن كارۋانلار.
يولدا ياتساڭ كېتىپ قالار ھەمرايىڭ،
ئويغانغاندا باقساڭ ئىزى كورۇنمەس.
چاچلىرىڭغا ئاق كىرىپتۇ ئۇيقۇدىن،
سەن ئۇيقۇنى تەرك ئەيلە، بولدى بەس.
ئاق ئارىلاپ چۇشسە قارا ساقالغا،
سەن ھاياتتىن ئۇمىدىڭنى قىل ئادا.
خامان ئېلىش بولسا ئەگەر ئۇمىدىڭ،
زىرائەتنى پەرۋەرىش قىل ۋاقتىدا.
سۇ بېلىگدىن ئاشتى، باشتىن ئاشمىسۇن،
ئەيلىمىگىن ھاياتىڭنى سەن ئەيىپ.
باشتىن ئاشسا بولماي قالار ئىلاجىڭ،
پۇرسەت مۇھىم، دىگەن: "ئەلۋەتتۇ — سەيف"①.

① ئەرەپچە ماقال، مەنىسى: ئۇمۇر — ئوتكۇر قىلىچ، يەنى ئۇمۇر ئوتكۇر قىلىچتەك تېز ئوتىدۇ، دىگەن گەپ.

نە ماڭاتتى، نە يەردە ئولتۇراتتى.
كوردى ئۇ كۇن: قەۋرىستاندا بىرەيلەن،
توپا كولاپ، لايدىن كىسەك قۇياتتى.
چوڭقۇر ئويغا پاتتى كورۇپ ئۇنى چال،
دىدى: مانا، كورگىنىڭدىن ئىبرەت ئال!
سەن كىسەككە بەرگەن بىلەن كوڭلۇڭنى،
سىنى كىسەك قىلىشمۇ ئېھتىمال.
ھەرقاچانكى ئاغزى ئوچۇق تەمەنىڭ،
لوقما بىلەن چىقماس ھەرگىز پىغانى.
مېھرىڭنى ئۇز بىر تال ئالتۇن كىسەكتىن،
بىر كىسەكتە توسالمايسەن دەريانى.
يىغماق بولغان بىلەن دائىم بۇلۇ ـ مال،
سەرپ بولار دەسمايىسى ئومرۇڭنىڭ.
كىبىر بولۇپ خامىنىڭغا چۇشكەن ئوت،
كۇشەندىسى بولار كورگەن كۇنۇڭنىڭ.
غورۇر بىلەن سۇرمىلىمە كوزۇڭنى،
سۇرمە قىلار كىيىن گورمۇ ئوزۇڭنى.

## ھىكايەت

ئىككى يىگىت ئوتەر ئىدى ماجرادا،
خۇددى شىردەك مەغرۇرلۇقتا بولۇپ يار.
يۇرەر ئىدى بىر ـ بىرىدىن قېچىشىپ،
كورۇنەتتى كەڭ جاھانمۇ بولۇپ تار.
زاۋال كۇنى يېتىپ كەلدى بىرسىگە،
ئەجەل كېلىپ پايمال قىلدى ئەيشىنى.

بىزدىن كېيىن كېلەر يەنە پەسىللەر،
ئۇ چاغلاردا ماكانىمىز قارا يەر.

## ھىكايەت

ئالتۇن كىسەك تېپىپ ئالدى بىر كىشى،
ئۇ خۇداگۇي ئادەم ئىدى ئەسلىدە.
گاراڭ قىلدى ئالتۇن بوغۇپ ئەقلىنى،
توپا - توزان پەيدا بولدى قەلبىدە.
ئۇ تۇن بويى ئويلار ئىدى، كۈلپەتتىن —
ئومۇرۋايەت خالاس بولدۇم بۇ قېتىم.
ئەمدى ئاجىز تىلەنمەيمەن ھېچكىمگە،
ئەل ئىچىدە توكۇلمەيدۇ ھورمىتىم.
ئويلاپ يېتىپ، مەۋج ئۇرۇپ خىيالى،
نىيەت قىلدى مەرمەر ساراي سالماققا.
ئۇ ئويلىدى: سالاي گۈزەل بىر ھوجرا،
نىشىگىنى ئېچىپ ئۈنىڭ مەن باققا.
بىزار بولدۇم يىرتىق - ياماق كىيىمدىن،
قاخشال بولدۇم ئوچاقىبلا قاخلىنىپ.
تامىغىمنى ئاشپەز كېلىپ پىشۇرسۇن،
يۈرمەي ئەمدى قوسىغىم ئاچ زارلىنىپ.
قاتتىقچىلىق قىينىۋەتتى بۇ جاننى،
ياتاي ئەمدى شايى يوتقان - كورپىدە.
ئويلا - ئويلا بولۇپ قالدى ساراڭدەك،
ئەقلى خاراپ بولدى ھىرىس ئىلكىدە.
مەغرۇلىنىپ چىقىپ كەتتى سەھراغا،

قۇرۇق سۆڭەك بولار سېنىڭ بېشىڭمۇ،
ۋۇجۇدىڭدىن جۇدا بولار كۆز ۋە جان.
ئىگىز دۆڭدە يۈگۈرۈۋىدىم بىر چاغدا،
قولىغىمغا كىردى شۇنداق بىر پىغان:
ھۇشۇڭنى تاپ، دەسسە يىگىت ئاستىراق،
سەن دەسسىدىڭ ھازىر كۆزگە، قولاققا.
مەنمۇ جاھان شاھى ئىدىم بىر زامان،
ياتتىم كىرىپ ئاخىر قارا تۇپراققا.

## ھېكايەت

مەن سەپەرنى نىيەت قىلىپ بىر كېچە،
يولغا چىقتىم ھەمرا قىلىپ كارۋاننى.
كۆتىرىلدى قورقۇنچلۇق بورانلار،
قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى جاھاننى.
كۆردۈم يولدا، رومال بىلەن ئاتىنىڭ،
كۆزلىرىنى سۈرتەر ئىدى بىر قىزچاق.
ئاتا دىدى: ئۇماق قىزىم، جان قىزىم،
سۈرتكەن بىلەن تۈگىمەيدۇ بۇ تۇپراق.
كۆپ ئۆتمەستىن توشار توپا بۇ كۆزگە،
سۈرتەلمەيمىز رومال بىلەن ئۇنى بىز.
توپىمىزنى ئۇچۇرتىدۇ شاماللار،
تىكلەنگەندە بىزنىڭ غېرىپ قەۋرىمىز.
گۆرگە قاراپ سورەپ ماگار تېزلىكتە،
يۈگرەك ئاتتەك بولۇپ ھايات نەپسىمىز.

يەنە بىرى گورۇستانغا يول ئالدى،
كورۇپ باقماق بولۇپ ئۇنىڭ قەۋرىنى.
زەر راۋاقتا ياشاپ ئۆتكەن يىگىتنىڭ،
بولغان ئىدى قارا توپا ماكانى.
قەۋرىسىگە قاراپ كۈلدى رەقىبى،
كوتىرىلدى دىل غەزنىۋى، پىغانى.
تىرىك يىگىت ئىچ - ئىچىدىن سۆيۈنۈپ:
—قانداق ياخشى! — دىدى قەۋرە ئالدىدا.
بۇ دۇنيادا ئورنى قالماس يىغلاشنىڭ،
ياۋنىڭ ئۆلۈپ، قالساڭ ئۆزەڭ ئارقىدا.
قەھرلىنىپ ئاداۋەتنىڭ كۈچىدىن،
ئېچىپ باقتى رەقىبنىڭ گورىنى؛
كىپەن چىرىپ، تىنىدۇرۇپتۇ زەي تۇپراق،
ئۇ يىگىتنىڭ كوز گوھىرى ئورنىنى.
لەھەت — زىندان، جەسەت ئىدى مەھبۇستەك،
قۇرۇت - قوڭغۇز غاجار ئىدى بىمالال.
يۈزى ئىدى ھىلال ئاينىڭ شەكلىدە،
جىسمى ئىدى قىلتىرىقتەك بى ماجال.
كۈچلۈك قولى ئاجراپ بوغۇم - بوغۇمدىن،
سوڭەك بولۇپ قالغان ئىدى باشلىرى.
رەقىبگە رەھمى كەلدى يىگىتنىڭ،
ئىختىيارسىز قۇيۇلدى كوز ياشلىرى.
تاش مەقبەرە تىكلەپ ئاڭا ئويدى خەت،
قىلمىشىدىن بولۇپ يىگىت پۇشايمان.
يازدى: ئوزگە ئولسە خوشال بولمىغىن،
ئوزەڭگىمۇ ئامانەتتۇر تىرىك جان.

بىر تال قەنتكە تىگىشمەكتۇر قىلمىشى.
سەن ئۆمرۈڭنى ئۆتكۈز ئەقىل - پەم بىلەن،
تاتلىق دىسە تىگىشمىگەن قەن بىلەن.

## ھىكايەت

كۆچۈگىنى باقتى بىراۋ بورىنىڭ،
چوڭ بولغاندا يېرىپ قويدى ئۆزىنى.
ياتار ئىدى ئۇ جان بېرىش ئالدىدا،
بىراۋ كېلىپ ئېيتتى يۈرەك سوزىنى:
سەن سەمرىتسەڭ ئەگەر شۇنداق ياۋنى،
پۇرسەت تېپىپ يېرىپ كېتەر قارنىڭنى.

## ھىكايەت

بىراۋ شاھنى قويدى بىردىن رەنجىتىپ،
دۈشمىنىگە: ئۆلتۈر ئۇنى، دىدى شاھ.
ئەسىر بولۇپ ئۇ دۈشمەنىنىڭ ئىلكىدە،
پۇشمان قىلدى: بولالمىدىم مەن ئاگاھ.
رەنجىتمىگەن بولسام ئەگەر دوستۇمنى،
مۇنداق زۇلۇم كورمەس ئىدىم دۈشمەندىن.
ئاقىل بولساڭ دوستلىرىڭدىن ۋاز كەچمە،
ئوچ ئالالماس شۇندا دۈشمەن ھەم سەندىن.
ھەر كىشىكىم دوست كوڭلىنى رەنجىتسە،
دۈشمەنلىرى شىلىپ كېتەر پوستىنى.
يىلتىزىنى قۇرۇتىدۇ دۈشمىنىنىڭ،
دىلداش بولۇپ مەھكەم تۇتسا دوستىنى.

ئۆزەڭگىدىن ئالسا ئەجەل ئاياقنى،
يۈگەن تارتىپ قالالمايمىز ھەممىمىز.

### تەنبىھ

ئاگاھ بولغىن، جاھان ئۆزى بىر نەپەس،
ئالىملارنىڭ بىر نەپسى بىر جاھان.
جاھان قالدى، كەتتى شاھى ئىسكەندەر،
بولسىمۇ گەر جاھان ئۆزرە ھوكۇمران.
بىر نەپەسكە بېرەي دىدى بىر ئالەم،
مۇرادىغا تاپماي ئاخىر يەنە يول ئالدى.
ئەككىسىنى ئۆرۈپ كەتتى ھەر بىر جان،
خاھى ياخشى، خاھى يامان ئات قالدى.
بۇ بوستاندا گۈللەر بولۇر مۇشۇ خىل،
دوستلار ئاڭا گۈل تېرىيدۇ يىلمۇ - يىل.

### ھىكايەت

خىيالىمدىن چىقماس دەۋرى ئاتامنىڭ،
ئۇ مەرھۇمنىڭ جايى بولسۇن جەننەتتە.
ئالتۇن ئۈزۈك ئېلىپ بەردى ئۇ ماڭا،
ئۈزەم گۇدەك، ئەقلىم كىچىك بىر پەيتتە.
بىر تال خورما بېرىدىپ قويۇپ، قولۇمدىن —
ئۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ كەتتى بىر كىشى.
بىلەلمەسمۇ بالا ئۈزۈك قەدرىنى،

سەندى كەبى توختىماستىن باشاق تەر،
ئالدىڭدادۇر مەرىپەتنىڭ خامنى.

## ھكايەت

ياز پەسلىدە ئاشلىق يىغدى بىر كىشى،
تامام بولدى سوغاق قىشنىڭ تەشۋىشى.
ئەمما ھاراق ئىچىپ ئىبلىپ ئۇلگۈچە،
ئاشلىقىغا ئوت قويدى ئۇ بىر كېچە.
بىر تال دانمۇ قالمىغاچقا قولىدا،
ئۇ ئەتىسى چۈشتى باشاق تېرىشكە.
ئۇنى كۆرۈپ ئالدىرىدى بىر ئادەم،
ئۆز ئوغلىغا ئۇندىن ساۋاق بېرىشكە:
قارا كۆڭگە قالماي دىسەڭ ئۆنىڭدەك،
كۆر ھالىنى، ئېيتقىنىمغا قۇلاق تۇت.
ساراڭلىقتا ئوتكۈزمىگىن ئۆمرۈڭنى،
ھەرگىز ئۆمۈر خامىنىڭغا قويما ئوت.
خامىنىڭنى بەربات قىلىپ سەن ئاۋال،
ئاخىرىدا باشاق تېرىپ بولما لال.

## ئاپتور ٩ - باپنى مۇنۇ مىسرالار بىلەن تاماملايدۇ:

مىۋە بەرمەي قالارمۇ دەپ كۆچەتىم،
ئەنسىرەيدۇ تىككەن دىخان ئېھتىمال.
ئۇرۇق چاچماي ئالالمايسەن خامىنى،
تاماگەرلەر قىلار ھامان خام خىيال.
مىۋىسىنى يەيدۇ كوچەت تىككەنلەر،
خامان ئالار چوقۇم ئۇرۇق ئەككەنلەر.

## ھىكايەت

ئەل ھەققىنى يەيتتى دائىم بىر ئەبلەخ.
ئەمما سوكۇپ تۇرار ئۇدى شەيتاننى.
شەيتان ئاگا دىدى يولدا دۇچكېلىپ:
ئۇچراتمىدىم سەندەك رەزىل ئىنسانىنى.
كوگۇلدىغۇ خېلى يېقىن تۇققان بىز،
نىمە مۇنداق تىللاپ يۇردۇڭ تۇتامسىز؟!

## ھىكايەت

بالىلىقىم چىقماس ئەسلا ئېسىمدىن،
ھېيت كۇنى بارغان ئىدىم بازارغا.
مەن دادامنى قويدۇم دەرھال يوقتىپ.
قاراپ يۈرۈپ تۇرلۇك - تۇمەن ئەھۋالغا.
قورقۇپ كېتىپ ۋاقىرىدىم ۋەھىملىك،
قىلىقىمنى سوزدى دادام تويۇقسىز.
ئىتكىمنى قويۇپ بەرمە دىدىمغۇ،
قولاق سالماي ئىزدىپ قالدىڭ مۇنچە تېز؟
يەككە قويۇش ياخشى ئەمەس بالىنى،
كورمىگەن يول كەلتۇرىدۇ مۇشكۇللۈك
قالما ھەرگىز ياخشىلارنىڭ كەينىدىن،
كورەر كۇنۇڭ بولار شۇندا كوگۇللۈك.
يامان بىلەن بولما ھەرگىز ھەمتاۋاق،
بىللە يۇرسەڭ يۇقار ساگا ياسىنى.

**波 斯 坦（故事诗）**
（维吾尔文）
译者：库尔班·巴拉提
责任编辑：贺加克
新疆青年出版社 出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
787×1092 开本1/32 印张 5.5
1983年9月第1版 1983年9月第1次印刷
印数：1——50,300
书号：M10124·72 定价0.43元